# YOUTH

# 新疆青年



■ ئۆركەشلىگەن ئىسسىق قان

■ ئەسىر ئاتلاش بوسۇغىسىدا

■ قېينانا زادى ئەسكىمۇ

■ يېزا ياشلىرى سەھنىگە

■ خەيرى-خوش، سۈكۈت

6

1997

# شىنجاڭ ياشلىرى

ISSN 1002-9109

09

9 771002 910000

# ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

سىز ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىنى قولىڭىزغا ئالغان ۋاقتىڭىزدا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ۋە «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرناللىرىغا 1998 ـ يىللىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا باشلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. مەزكۇر ژۇرناللارنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىغا ئوخشاشلا ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى قارىمىقىدىكى تارقىتىش شىركىتى مۇشتىرى قوبۇل قىلغان ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق مۇشتىرىلارنىڭ قولىغا ئۆز قەرەلىدە ئاپىرىپ بېرىدۇ. «شىنجاڭ ياشلىرى» نىڭ باھاسى ئۆزگەرمەيدۇ. يەنى ھەر پارچىسىنىڭ باھاسى 2.35 يۈەن، يىللىق مۇشتىرى ھەققى 28.20 يۈەن بولىدۇ. «تارىم غۇنچىلىرى» نىڭ ئايلىقى 1.60 يۈەن، يېرىم يىللىقى 9.60 يۈەن، يىللىقى 19.20 يۈەن بولىدۇ.

مۇشتىرى بولۇش پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، دەرھال ئورنىڭىزدىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى ئىزدەڭ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى

# 1997




يىگىت
ئىسمائىل ئىبراھىم فوتوسى

باش مۇھەررىر
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
(ئالىي مۇھەررىر)
(تېلېفون: 2818446)
دىرېكتور: مامىلق
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: لى چيۇەن

## مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى


| | | |
|---|---|---|
| ئۆركەشلىگەن ئىسسىق قان | ئابدۇكېرىم ئوسمان | 1 |
| مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە پېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى | | 5 |
| ئىقتىدارسىزلىق ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى توغرىسىدا | ئېزىزجان توختىھاجى | 11 |
| ئەسىر ئاتلاش بوسۇغىسىدا | ئەسقەر داۋۇت | 15 |
| ئۇ يالغۇز ئەمەس | دەۋران | 19 |
| خەيرى ـ خوش، سۆكۆت | ئە. داۋۇت | 21 |
| مەرىپەت ئانىسى خاسىيەتلىك ئۇۋا | جۇرئەت ئەمەت (جۇرئىتى) | 25 |
| قېينانا زادى ئەسكىمۇ؟ | تۇرغۇنجانئىمىن مەمتىلى | 27 |
| ئۇنىڭ يەنە قانداق كارامەتلىرى باركىن | تۇغلۇق دەۋران | 39 |
| فىڭخۇاڭ تېغىدا يۈز بەرگەن ئۇچار تەخسە دېلوسى | | 41 |
| ئوقۇتقۇچىلىق تىلىمى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى | ئەخمەت كىبىر | 45 |
| يېزا ياشلىرى سەمگە | تۇرغۇنجان ئىسمائىل | 49 |
| ئون يەنگە نېمە ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ؟ | | 51 |
| خوتەننىڭ قەدىمكى قاشتېشى سەنئىتىگە نەزەر | ئۆمەرجان مەمتىمىن | 53 |
| ئەپسۇس (ھېكايە) | ئابلىكىم ئابلەت | 55 |
| ئىككى غەزەل | چوپانى | 60 |
| مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: ئىلان | ئى . ئىبراھىم فوتوسى | |


سىياسىي، نەزەرىيىۋى، پەننىي، ئەدەبىي خاراكتېردىكى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ، ھەر ئاينىڭ 1- كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ. مۇقاۋىسى ۋە ئىچكى بەتلىرى«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىپ، شىنجاڭ ياشلىرى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ.

(مۇئاۋىن بۆلۈم مەسئۇلى: ئۆركەش ئىبراھىم، گۈزەل سەنئەت تەھرىرلىرى: ئى. ئىبراھىم، ھ. ھاجى)

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

ئىلىمدىن ھەر ۋاقىت خەلق سەندىن خۇشتار بولىدىغان چىرايلىق سۆزلەرنى چىقارغىن.

**ـ مەھمۇد قەشقىرى**

ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ تىلماچى تىلدۇر. ئادەمنى نۇرلاندۇرىدىغان بۇ ماھىر تىلنى بىلىۋال.

**ـ يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

تىلنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەن كىشى ئەل ئالدىدا ئېتىبارسىز بولىدۇ. بىھۇدە تولا گەپ قىلىدىغان كىشى خۇددى تاڭ ئاتقۇچە قاۋاپ چىقىدىغان ئىتقا ئوخشاپ قالىدۇ. يامان تىللىق كىشى باشقىلارنىڭ كۆڭلىنىمۇ جاراھەتلەندۈرىدۇ، ئۆز بېشىغىمۇ ئاپەت كەلتۈرىدۇ.

**ـ ئەلشىر ناۋايى**

بىرەر كىشى ساڭا كۈلۈپ قارىسا، سەنمۇ ئوچۇق چىراي بىلەن باق، شېرىن سۆزلۈك ۋە خۇش مۇئامىلىلىك بول، يامان سۆزدىن تىلىڭنى تارت.

**ـ مەھمۇت قەشقىرى**

ئىنسان گوياكى بىر كاندۇر، بۇ كاننىڭ گۆھىرى سۆزدۇر. ئادەم بىر باغدۇر، بۇ باغنىڭ مېۋىسى سۆزدۇر.

**ـ ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى**

ئەگەر نەسىھەت قىلىشتىن بۇرۇن ئۆز نەسىھىتىڭدە ئېيتىلغانلارغا ئۆزۈڭ شەكسىز ئەمەل قىل، سۆزلىگەندە ئۆز خۇدۇڭنى بىلىپ سۆزلە، ياخشى ـ يامانني پەرق ئېيتىدىغان بول، دەلىل ـ ئىسپاتى يوق سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلان.

**ـ موللا ئەلەم شەھيارى**

(«مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى» دېگەن كىتابتىن خىلىل تەييارلىدى)

## زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلىتىدىغان دورا




زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلىتىدىغان يېڭى دورا ـ «فۇكاڭ تابلىتكىسى» دۆلەت سەھىيە مىنىستىرلىكى تەستىقلىغان دۆلەت دەرىجىلىك تۇنجى يېڭى دورا. بۇ دورا باشقا دورىلارغا ئوخشاش ئۇرنىنى باستۇرۇش، چېكىش مىقدارىنى ئازايتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈشتەك ئەنئەنىۋى چېكىملىك تاشلىتىش ئۇسۇلىدىن مۇستەسنا بولۇپ زەھەرلىك چېكىملىك تاشلىتىشنىڭ يېڭىچە ئۇسۇلىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان.

زەھەرلىك چېكىملىك چەككىنىگە 3 يىل بولغان، ئەمما تاشلىيالمىغانلار پەقەت بۇ دورىنى ئالتە كۈن ئىستېمال قىلسىلا (بىر قۇتىسىنىڭ باھاسى 2983 يۈەن بولۇپ، بىر قۇتىدا 72 تال دورا بار) كېسەل تۈپ يىلتىزىدىن ساقىيىدۇ. ئوكۇل ئۇرۇش، ياتاقتا يېتىش ھاجەتسىز.

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2619148 ـ 0991

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئارقا كوچا 43 ـ نومۇرلۇق قورۇ.

电话: 0991 — 2619148

地址: 乌鲁木齐市东后街43号



# ئۆركەشلىگەن ئىسسىق قان

(ئوچېرك)

★ ئابدۇكېرىم ئوسمان ★

يەكەن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ ناركوز خادىمى يۈەن خې مۇشۇ كۈنلەردە ھايات، تۇرمۇش، مېھىر - مۇھەببەت، كىشىلىك قىممەت ھەققىدە دائىم ئويلىنىدىغان، پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ قىسقىغىنە ئىككى ئاي ئىچىدە باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. يۈەن خېنىڭ روھىي دۇنياسىدا يېپيېڭى ھېس- تۇيغۇ، كىشىلىك قاراش، ئەقىل، ھېكمەت، غايە بىنالىرى قەد كۆتۈرۈپ، ئۇنى گۈزەل تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئىچكۆيەر، ئۈمىدۋار ئوغلىغا ئايلاندۇردى... يۈەن خېنى تۇرمۇشقا تېخىمۇ ئىچكۆيەر، ئۈمىدۋار قىلغىنىمۇ ئەنە شۇ قېتىملىق ھاياتلىق، توغرىسى ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولغان يەنە بىر مىللەت كىشىلىرى ئاتا قىلغان يېڭى ھاياتلىق ئىدى!

يەكەن ناھىيەسىدە بىرەرمۇ ئۇرۇق- تۇغقىنى بولمىغان سىچۈەنلىك خەنزۇ ياش ئەمدىلىكتە نۇرغۇن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ باھار ئاپتىپىدەك ئىللىقلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، ھېس قىلدىلا ئەمەس تومۇر تومۇرىغا سىڭدۈردى. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ داچۇەن شەھىرى بولسىمۇ، بىراق ھازىر يەكەن ناھىيىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانا يۇرت بولۇپ قالدى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بەرگەن ھاياتلىق قېنى ئۇنى مۇشۇنداق قەتئىي ئىشەنچكە كەلتۈردى.

يۈەن خې 1997- يىل 5- ئاينىڭ 14- كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆزىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن مۇئەللىپكە يۇقىرىقى ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلغاندا، ھاياجىنىدىن لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى... ئۇ ئاخىرىدا: مەن ماڭا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلغان ئۇيغۇر ياشلىرىغا، قېرىنداشلارغا ئۆمۈر بويى مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن، تەشەككۈرۈمنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. «مەن ئۇلارنىڭ شەپقىتى، ياخشىلىقىنى قولۇمدىن كېلىشىچە قايتۇرىمەن!...» دېدى. يۈەن خېنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ سەممىي سۆزلىرى مۇئەللىپنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالدى!

باھارنىڭ جۇدۇنى بولغىنىدەك، كىشىلىك



تۇرمۇشتىمۇ تالاپەت، بەختسىزلىك بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ يىلقى باھار بايرىمىدىن كېيىن يۈەن خې توساتتىن بىتاپ بولۇپ قالدى. دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇنىڭ قورساق قىسمى ئېچىشىپ ئاغرىپ، ناھايىتى ئارامسىزلاندى. ئۇ تىببىي خادىم بولغاچقا ئۆزىگە ئۆزى دورا قىلىپ يۈرۈۋەردى. لېكىن مەخسۇس داۋالانمىغانلىقتىن، كېسىلى تويدۇرماي ئېغىرلىشىپ باردى... بىركۈنى يۈەن خې چوڭ تەرىتىنىڭ قان ئارىلاش كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ چۆچۈدى، كېسىلىنىڭ يېنىك ئەمەسلىكىنى شۇ چاغلاردا بىلدى، بىراق كېچىككەن ئىدى...

3-ئاينىڭ 5- كۈنى ئۇ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە ئېلىنىپ تەكشۈرۈلۈپ ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئۈچەي كېزىكى بىلەن ئاغرىغانلىقى ئېنىقلاندى. تەرەتتىن كېلىۋاتقان قان مىقدارى بارغانسېرى كۆپىيىپ 3000 مىللىمېتىردىن ئارتۇق قان چىقىپ كەتتى. كېيىن ئۇ ئېغىر دەرىجىدە قان يوقىتىش خاراكتېرلىك شوك بولۇپ ئەس- ھوشىنى پۈتۈنلەپ يوقاتتى. ئۇنىڭغا زۆرۈر قان بېرىلگەن بولسىمۇ ئۈنۈمى بولماي، قان بېسىمى ئىزچىل تۆۋەنلەشكە باشلىدى...

3- ئاينىڭ 11- كۈنى دوختۇرخانا پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچى ئەنۋەر قادىر يۈەن خېنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇنى جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. تەييارلىق خىزمەتلىرى ئالدىراش ئىشلىنىۋاتقان ئاشۇ تەخىرسىز پەيتتە يەنە بىر چوڭ كېلىشمەسلىك يۈز بەردى. قان ئىسكىلاتىدا يۈەن خېنىڭ قان تىپىغا ماس كېلىدىغان «O» تىپلىق قان يوق بولۇپ چىقتى، بۇ شۇم خەۋەر دوختۇر، سېستىرالارنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى! ئاغرىققا ئوپېراتسىيەدىن بۇرۇن ۋە كېيىن قان بەرمىسە بولمايتتى...

- نېمە بولغىنى بۇ ئەمدى؟! - دېدى مۇدىر ۋراچ ئەنۋەر قادىر جىددىيلەشكىنىدىن كېسەلخانا ئىچىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ، قوللىرىنى ئىشقىلاپ، - ئەستاخپۇرۇللا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟!

ۋراچ ئەنۋەر قادىرنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا دوختۇر، سېستىرالارمۇ ئوخشاشلا جىددىيلەشكەن، خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ، چارە - ئامال ئويلاشتى. شۇ تاپتا يۈەن خېغا ماس كېلىدىغان «O» تىپلىق قاننى تېزدىن ھازىرلاپ، ئوپېراتسىيىنى باشلىمىغاندا، ئاغرىقنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يىللاردىن بېرى بۇ دوختۇرخانىنىڭ قان زاپىسى ئىزچىل جىددىي بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار بىمارلارغا بېرىدىغان زاپاس قاننى مەخسۇس قەشقەردىن ئېلىپ كېلىپ ئىشلىتەتتى. لېكىن ھازىر قەشقەردىن قان ئېلىپ كېلىشكە ھەرگىزمۇ ئۈلگۈرمەيدۇ-دە!

ۋراچ ئەنۋەر قادىر كېسەل كارىۋىتىغا تاقەتسىزلىنىپ قارىدى. ھوشسىز ياتقان 24 ياشلىق خەنزۇ بىمار - يۈەن خېغا ئەجەل سايىسى

بارغانسېرى يېقىنلاپ، ئۇنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالماقتا ئىدى، شۇ تاپتا ئۆتۈۋاتقان ھەر بىر مىنۇت ھايات- جان دېمەك ئىدى!... تۇساتتىن ۋاراچ ئەنۋەر قادىرنىڭ قەلب ئاسمىنىدا «ۋاللىدە!» بىر نۇر چاقناپ، ئۈمىد دالاسىنى يورۇتتى.

— مەن بىلەن يۈرۈڭ، — دېدى ئۇ يېنىدا تۇرغان مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى لى جيەنسىڭغا بۇرۇلۇپ، — ئىككىمىز بېرىپ ئامال قىلىپ كېلەيلى!

ئۇ شۇنداق دەپلا لى جيەنسىڭنى ئەگەشتۈرۈپ بۆلۈمدىن چىقىپ ماشىنىسىغا ئولتۇردى-دە، سىرتقا ئوقتەك يۈرۈپ كەتتى...

قۇرۇلغىنىغا بەش يىل بولغان يەكەن ناھىيىلىك سەھىيە كەسپىي مەكتىپىدە 3- ئاينىڭ 11- كۈنى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر لېرىك كۈي مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرلىك سىمفونىيىسى جاراڭلىدى!

شۇ كۈنى سەيشەنبە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۆز سىنىپلىرىدا دەرس ئاڭلاۋاتاتتى. سائەت ئون بولغاندا بىر جىپ ماشىنا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپ، ئىككى كىشى ئالدىراش چۈشۈپ كەلدى-دە، مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇلار — ئەنۋەر قادىر بىلەن لى جيەنسىڭ ئىدى. سالام - سائەتتىن كېيىن، ۋاراچ ئەنۋەر قادىر:

— دوختۇرخانىمىزدىكى يۈەن خې ئىسىملىك بىر خەنزۇ يىگىتكە جىددىي قان بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالدى، شۇڭا مەكتىپىڭلارغا كېلىۋىدۇق، — دېدى ئۇ مەكتەپ مۇدىرىغا ۋە بىمارنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە چۈشەندۈرگەچ.

— بولدۇ، ئوقۇغۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلايلى! — دېدى مۇدىر كەسكىن ئىپادە بىلدۈرۈپ. ئۇ دەرھال ھەرقايسى سىنىپلارغا كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا بۇ پەۋقۇلئاددە ئەھۋالنى يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپ ئىچى بىردىنلا تەۋرەپ كەتتى! خەنزۇ قېرىندىشىنىڭ ئېغىر خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى ئارقىلىق قېرىندىشى يۈەن خېنى قۇتقۇزۇپ قېلىشتىن ئىبارەت بۇ يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى چىن يۈرىكىدىن قوبۇل قىلىشتى ھەممىسى بىر ئېغىزدىن: «قانچىلىك قان لازىم بولسا شۇنچىلىك تەقدىم قىلىشقا مانا بىز تەييار!» دېيىشىپ، ھەقىقىي رازىمەنلىك، خۇشاللىق بىلەن ئىپادە بىلدۈرۈشتى.

يەكەن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ لابوراتورىيە بۆلۈمى ئالدىدا 40 نەپەرگە يېقىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى رەتلىك تىزىلىپ، نۆۋەت بىلەن قان تەكشۈرتمەكتە: دوختۇر، لابورانتلار ئالدىراش ئىشلىمەكتە. مانا، قان تەكشۈرۈشمۇ ئاخىرلاشتى: ساۋاقداش ئەنۋەر تۇرسۇن، ئابدۇسوپۇر ئابلا، مەمەتنىياز سۇلايمان، مۇھەممەت بارات، ئابدۇغېنى ياسىنلارنىڭ قان تىپى ئاغرىق يۈەن خېنىڭ تىپى بىلەن ئوخشاش چىقتى.

مانا، ئىتتىپاقلىق، قېرىنداشلىق مېھر -



مۇھەببەتتىن ئۇرغىغان ئىسسىق قانلار خرۇستالدەك سۈزۈك نەيچە ئىچىدە تاڭ شەپقىدەك جۇلالىنىپ ھالرەڭ ئىقىن ياساپ ئۆركەشلەپ ئىقىپ بوتۇلكىغا قاچىلانماقتا.... بۇ قاندا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تـالاي يىـللىـق دوستلـۇق، قېرىنداشلىق تارىخى كۆيلىنەتتى! بۇ قاندا بۈيۈك ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گـۈللـىنىشى ۋە خەلقنىڭ باياشادلىققا يۈزلىنىشكە ئاجايىپ زور ھەسسىلەرنى قوشقان بارچە مىللەت تۆھپىكارلىرىنىڭ بۈيۈك روھىنىڭ نۇرانە يالدامىسى قۇياشتەك چاقنايتتى! خەيرىيەت، ھېلىقى بەش نەپەر ئۇيغۇر ساۋاقداش ئىلگىرى- ئاخىر 900 مىللىلىتر قـان بـەردى. دوختـۇرلار جىددىي ئوپېراتسىيىنى بـاشلـىدى. بۇ 3- ئاينىڭ 11- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولغان چاغ ئىدى. ئوپېراتسىيە بىر يېرىم سائەتچە داۋام قىلدى. ئاخىرى ئاغرىقنىڭ چىرىپ، سېسىغان ئۈچەي قىسمىنى كېسىپ تاشلاپ يېڭىباشتىن تىكىپ، ئوپېراتسىيىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇردى. ئوپېراتسىيىدىن كېيىن بىمارغا يەنە 450 مىللىلىتر قان بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ تېنىگە ئېھتىياجلىق قان تولۇقلىنىپ، قان بېسىمى نورماللىشىپ، خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى. دېـمـەك، يـۈەن خـې قـايتىـدىـن ھــاياتلىققا ئېرىشتـى.

يۈەن خېنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان 900 مىللىلىتر قان ئۇنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدا زەرەپشان دەرياسى ئېقىنىنىڭ ۋەزنىدەك ئۆركەشلەپ ئېقىپ، تىل بىلەن ئىپـادىلەش تەس بولغان سانسىز ھېس- تـۇيغۇ، ھېكمـەت- مەنە، ھەقىقەت تەسۋىرلىرىنى زىكىر قىلىشقا باشلىدى...

يۈەن خې ئوپېراتسىيە قىلىنىپ 13 كۈن ئۆتكەندە كېسـەلخـانىـدىن چىقتى ۋە بىر مەزگىللىك دەم ئېلىـشتىـن كېيىن سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كېلىپ، ئىشقا چۈشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قايتا ھاياتلىققا ئېـرىشىش جەريانىدىكى بارلىق تەپسىلاتلاردىن خـەۋەر تاپقاندا چەكسىز ھاياجانلاندى؛ روھىي دۇنيـاسـى ئـەتراپـىدىـكـى كىشىلەر، ھايات، تۇرمۇش... تولۇپتىن ئۆزگىرىپ، يېپيېڭى تۈسكە كىردى. يۈەن خې ئۆزىدىن تۆت- بەش ياش كـىچىـك بولغان ھېلىقى بەش نەپەر ئۇيغۇر ساۋاقداشنىڭ جىددىي پەيتتە ھاياتلىق قېنى ئاتا قىـلىپ، ئۆزىنى يورۇق دۇنيا بىلەن قايتىدىن قۇچاقلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرگەنلىكىدىن يـۈرىـكـى يېـرىلغۇدەك مىننەتدار بولدى! بۇ ئۇنتۇلماس مېھىر - شەپقەت يۈەن خېنىڭ ياش ۋۇجـۇدىـنى قۇدرەتلىك سېھرىي بىلەن ئەسىر قىـلىـپ، ئـەتراپىدىكى ئادەملەرنى، تۇرمۇشنى ئاجايىپ قايناق مۇھەببەت، باللارچە ساپ قەلب بىلەن سۆيىدىغان ۋە ئۇنى پارلاق سۆيگۈ كۆزىدە كـۆزىـتىـدىغان يۈكسەك ئۈمىدار بىر ئوغۇلغا ئايلاندۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى يـۈرتـى سـىچۈەندىكى ئانىسىغا يازغان خېتى ئـارقـىلـىق باشقا ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداش، دوست- بۇرادەرلىرىگە، يۇرتداشلىرىغا تەپسىلىي يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى يۈرەك شادلىقىغا ئورتاقلاشتۇردى. مەرھۇم ئانىسىنىڭ روھىنىمۇ بـۇ خـاسـيـەتلـىـك ئىشتىن چەكسىز خۇش بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى. يۈەن خېنىڭ يـاش يـۈرىـكـى ۋەتـەن تۇپرىقىدىكى بارچە مـىللەتلەرنىڭ مەڭگۈ ھەممەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ ياشاش زۆرۈرلۈكىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەندى. دەرۋەقە، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، مېھىر- مۇھەببەت گۈللىرى بىلەن تولغان ھاياتقا پارلاق كېلەچەك مەڭگۈ خۇش تەبەسسۇم ئىلكىدە قۇچاق ئاچىدۇ! ئېھ... ئـىتتىپاقلىق مېھرىدىن جۇش ئۇرغان ئىسسىق قان، سەن پۈتكۈل مىللەتلىرىمىزنىڭ تومۇرىدا ئەبەدىلئەبەد ئۆركەشلىگىن! (04)

(ھېيمت نۇر فوتوسى)

# مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى «مەدەنىيەتلىك بولۇش، يېڭى كەيپىيات تۇرغۇزۇش» پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى

مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى بۈگۈن مەملىكەتلىك تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەت بويىچە «مەدەنىيەتلىك بولۇش، يېڭى كەيپىيات تۇرغۇزۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. يىغىندا بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە مەدەنىيەتلىك سۆز - ھەرىكەت، مۇھىت تازىلىقى، مۇلازىمەت سۈپىتى، قاتناش تەرتىپىدىن ئىبارەت تۆت جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ھەل قىلىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پۇختا، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ياخشى ۋەزىيەت يارىتىش، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىغا مەدەنىيەتلىك مۇھىت يارىتىش تەلەپ قىلىندى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ مۇدىرى دىڭ گۇەنگېن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيەت يېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى تېيىڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

دىڭ گۇەنگېن سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مەدەنىيەتلىك بولۇش، يېڭى كەيپىيات تۇرغۇزۇش» پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيى 6- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر تەدبىرى، پارتىيىنىڭ 15- قۇرۇلتىيىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەدەنىيەتلىك مۇھىت يارىتىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت، بۇ ئىشقا مەركەز ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش مەدەنىيەتلىك، توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇشتەك ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشكە، جوڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پائال ئالغا ئىلگىرىلەش، جاسارەت بىلەن يۈكسەك تۆرلەشتەك روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلىشقا، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. بىز «مەدەنىيەتلىك بولۇش، يېڭى كەيپىيات تۇرغۇزۇش» پائالىيىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئىككى مەدەنىيەتنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈكسەكلىكىدە، ئومۇمىيلىققا مۇلازىمەت قىلىش يۈكسەكلىكىدە، جوڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چوڭقۇر تونۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

«مەدەنىيەتلىك بولۇش، يېڭى كەيپىيات تۇرغۇزۇش» ھەم مۇھىتنى ياخشىلاش جەريانى، ھەم ئىدىيە، ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش جەريانى. ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىزم ۋە جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق ۋە ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. كىشىلەرگە ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلۈش، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە قىزغىن بولۇشنى، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئاسراش، مۇھىتنى ئاسراش، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، تەرتىپنى قوغداشنى، ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسپنى ھۆرمەت قىلىش، سەمىمىي بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، چىنلىق، رەھىملىك، گۈزەللىك ئۈچۈن ئىنتىلىدىغان، ساختىلىق، يامانلىق، رەزىللىكنى چەكلەيدىغان ياخشى كەيپىياتنى، ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان، باراۋەر، دوستانە بولغان كىشىلەر مۇناسىۋىتىنى، مەدەنىيەتلىك، ساغلام، قائىدىلىك، تەرتىپلىك ئىجتىمائىي مۇھىتنى شەكىللەندۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ ساپاسى ۋە شەھەر - يېزىلارنىڭ مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. «مەدەنىيەتلىك بولۇش، يېڭى كەيپىيات تۇرغۇزۇش» مەدەنىيەتلىك شەھەر، مەدەنىيەتلىك يېزا - كەنت، مەدەنىيەتلىك ساھە بەرپا قىلىشنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇنى. «مەدەنىيەتلىك بولۇش، يېڭى كەيپىيات تۇرغۇزۇش» نىڭ نىشان، تەلەپلىرىنى تۈرلۈك ئاممىۋى

خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي گەۋدە ئۈنۈمىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. ئاممىغا تايىنىپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، پائال قاتنىشىپ، ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ياخشى تەرتىپ ۋە مەدەنىيەتلىك كەيپىياتنى بىرلىكتە بەرپا قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى باشلامچى بولۇشى، ھەر بىر كادىرلار ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇشى لازىم. ئېلان قىلىنغان مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇش پائالىيىتى بويىچە ئۈلگە نۇقتىلىرى رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

لى تېيىك «مەدەنىيەتلىك بولۇش، يېڭى كەيپىيات تۇرغۇزۇش» پائالىيىتىنى قانداق قانات يايدۇرۇش ھەققىدە سۆز قىلدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىغا تۆت جەھەتتە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ھەمدە پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئەخلاقىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە كۈچلۈك تۇتۇلىدىغان نۇقتىلىق جايلار چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر، نۇقتىلىق ئورۇنلار، جامائەت سورۇنلىرى، مۇلازىمەت كۆزنەكلىرى، ئاھالىلەر ئىجتىمائىي رايونلىرى بولىدۇ.

لى تېيىك مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: خىزمەتتە ئاممىغا تولۇق تايىنىش ۋە ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك. ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلار، ئاممىنىڭ قىلغۇسى كېلىۋاتقان ئىشلار مۇشۇ پائالىيەتتە زور كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردۇر. ئاممىنى ئۆزلۈكىدىن قاتنىشىشقا، ئاڭلىق ھەرىكەت قىلىشقا، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەشكە، ئىشنى ئۆزىدىن، ئۆز ئەتراپىدىن، سۆز- ھەرىكىتىدىن، قائىدە - تۈزۈم ۋە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتىن باشلاشقا سەپەرۋەر قىلىش لازىم. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش بىلەن ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىشنى، ھۆكۈمەت ھەرىكىتى بىلەن ئاممىنىڭ قاتنىشىشىنى بىرلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈش، قوللاش ۋە قاتنىشىشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. پائالىيەتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ ۋە تەشكىللەپ، پائالىيەتنى ئامما ئاسان قاتنىشىدىغان، ئامما ياقتۇرىدىغان قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى باشقۇرۇش ئېڭىنى چوڭقۇر ئاشۇرۇپ، باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش روھى بويىچە راۋانلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشى، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئاممىنىڭ ئورۇنلۇق تەلىپىنى ئىرىشىپ قاندۇرۇشى كېرەك. پۇقرالار ھەرىكەت قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، كىشىلەرنى ياخشى ھەرىكەت ئادەتلىرىنى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەش، قائىدە- تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، بىر قانچە جەھەتلەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ خىزمەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق، بۇ جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى تەدرىجىي ئىلمىيلىشىش، قېلىپلىشىش ۋە دائىملىشىش ئىزىغا سېلىش لازىم.

لى تېيىك تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى، ئالاقىدار تارماقلار، پائالىيەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدە نىشانى ۋە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئاساسەن، ئۆز جاي ۋە ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئوبدان تەشكىللەپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش مۇھاكىمە قىلىپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ، ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى پۇختا تۇتۇشى لازىم.

يىغىندا، بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، گۇاڭجۇ، شىئەن، چېڭدۇ، دالىيەن، شامىن قاتارلىق سەككىز شەھەرنىڭ پارتكوم، ھۆكۈمەت، قۇرۇلۇش مىنىسترلىكى، ئىتتىپاق مەركىزى كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلار مەدەنىيەتلىك سۆز - ھەرىكەت، مۇھىت تازىلىقى، مۇلازىمەت سۈپىتى، قاتناش تەرتىپى قاتارلىق تۆت جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدا تەجرىبە ئالماشتۇردى. مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن باشلىقى، مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ليۇيۇنشەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. (02)

# قاتىل جىنايەتچىنىڭ مىراسخورلۇق هوقۇقى بولامدۇ؟

مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭ دادىسى ئۆلۈپ 5- كۈنى ئۇنىڭ ئاكىسى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلدى. سەۋەبى ئۇنىڭ دادىسىدىن قالغان 60 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن بىر قىسىم مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاكىسى ئىگىلىۋالغان ئىكەن، دوستۇم دادىسىدىن قالغان مىراسنى ئۆزۈمگە تەۋە بولۇشى كېرەك، دەپ بىلىپ ئاكىسىغا بېرىمىنى بۆلۈپ بېرىش تەكلىپىنى قويۇپتۇ، ئاكىسى بۇنى رەت قىلىپتۇ. ئۇ شۇ ئاچچىقىدا ئاكىسى ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدا كالتەك بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن ج خ ئورگانلىرىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپتۇ. ئەسلى سوت مەهكىمىسى دوستۇمنى تەكشۈرۈپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلماقچى بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئەنزە تۇغدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقىنى ئويلىشىپ گەرچە جىنايەتچىنىڭ گۇناهى بولغان بولسىمۇ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش جازاسى بېرىدۇ. دوستۇم تۈرمىدە تۇرۇپ ماڭا خەت يېزىپ خېتىدە «مەن مىراس ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرمەسلىكىم كېرەك ئىدى» دېگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دادامنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلسام بولامدۇ، دەپ سورىغان.

مېنىڭ قانۇندىن خەۋىرىم يوق، سىلەرنىڭ قىممەتلىك پىكىرىڭلارنى كۈتىمەن. دوستۇمنىڭ مىراسخورلۇق هوقۇقى بولامدۇ-يوق؟

جاۋاب: دۆلىتىمىزنىڭ «مىراس قانۇنى»نىڭ 7- ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن:

«مىراسخورنىڭ تۆۋەندىكىدەك قىلمىشلىرى بولسا مىراسخورلۇق هوقۇقىدىن مەهرۇم بولىدۇ:

(1) مىراسخورنى قەستەن ئۆلتۈرسە.

(2) مىراسقا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە باشقا مىراسخورلارنى ئۆلتۈرسە.

(3) مىراسخورلارنى رەھىمسىزلەرچە تاشلىۋېتىش ئەھۋالى ئېغىر بولغانلار.

(4) مىراسنى هىيلە ئىشلىتىپ يوق قىلىش ياكى قارىتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئەھۋالى ئېغىر بولغانلار.»

دوستىڭىز مىراسقا يالغۇز ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى خاراكتېر جەھەتتە «مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن باشقا مىراسخورلارنى ئۆلتۈرۈش»كە كىرمىسىمۇ يۇقىرىقى مىراس قانۇنىنىڭ 6- ماددا 2- تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن دوستىڭىز مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىدىن مەهرۇم بولدى يەنى باشقا مىراسخورلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن دادىسىدىن قالغان مىراسقا ئىگە بولۇش هوقۇقىدىن مەهرۇم قىلىندى.

دۆلىتىمىزنىڭ «مىراس قانۇنى»نى يولغا قويۇشتىكى مەقسىتى: كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ شەخسىي مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇش هوقۇقىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، چوڭلارنى هۆرمەت قىلىپ باللارنى سۆيۈش، ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىدىغان يېڭى قىياپەتنى شەكىللەندۈرۈش. «مىراس قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەردە مىراسخورلۇق هوقۇقىدىن مەهرۇم قىلىشنى مىراسخورلارنىڭ يۇقىرىقى قىلمىشلىرىنىڭ بولغانلىقى بەلگىلەيدۇ. ئۇلار تامامەن دۆلىتىمىزنىڭ «مىراس قانۇنى»غا خىلاپلىق قىلغان.

«مىراس قانۇنى»دا مۇشۇنداق بەلگىلىمىلەر بولغاندىلا كەڭ خەلق ئاممىسى سوتسىيالىستىك ئەخلاق بىلەن تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلىنىدۇ. ھەمدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇشقىمۇ پايدىلىق. سىزنىڭ دوستىڭىزنىڭ بارلىق قىلمىشلىرى سوتسىيالىستىك ئەخلاققا ئۇيغۇن ئەمەس. شۇڭا مىراسخورلۇق هوقۇقىدىن مەهرۇم بولۇشتەك قانۇنى ئاقىۋەتكە قالىدۇ. (02)

(شېرىنگۈل لەبەي، ت)

# قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىسا، كېپىللىك قىلغۇچى جاۋابكارلىققا تارتىلامدۇ؟

**سوئال:** دوستۇم ئىقتىسادىي مەسىلە تۈپەيلىدىن جىنايى جازاغا تارتىلغان بولۇپ، كېسەل سەۋەبىدىن كېپىللىك بىلەن سىرتتا داۋالانغان، مەن ئۇنىڭغا كېپىللىك قىلغۇچى بولغان. ھازىر دوستۇمنىڭ ئىز - دېرىكى يوق. مەن كېپىللىك قىلغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن جاۋابكارلىققا تارتىلمەنمۇ - يوق؟

**جاۋاب:** دۆلىتىمىزنىڭ «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»دا تۇتۇپ تۇرۇلغان جىنايەت ئۆتكۈزگەن گۇمانلىق كىشىلەر، ئەيىبكارنىڭ كېپىل تېپىپ سوراق قىلىنىشنى كۈتۈش، شۇنداقلا كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ شەرتلىرى، مەجبۇرىيەتلىرىگە قارىتا كونكرېت بولغان بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان.

قانداق كىشىلەر كېپىللىك قىلغۇچى بولالايدۇ؟ «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نىڭ 54 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: (1) مەزكۇر دېلو بىلەن ھېچقانداق چېتىشلىقى يوق بولۇش؛ (2) كېپىللىك قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش؛ (3) سىياسىي ھوقۇققا ئىگە، كىشىلىك ئەركىنلىكى چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان بولۇش؛ (4) مۇقىم ئولتۇراق جايى ۋە كىرىمى بولۇش.

كېپىللىك قىلغۇچى قانداق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك؟ مەزكۇر قانۇننىڭ 55 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: (1) كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ مەزكۇر قانۇننىڭ 56 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشنى نازارەت قىلىش؛ (2) كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ مەزكۇر قانۇننىڭ 56 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش ئېھتىمالى بولغان ياكى خىلاپلىق قىلغان ھەرىكىتى بايقالسا ۋاقتىدا ئىجرا قىلغۇچى ئورگانغا مەلۇم قىلىش لازىم. كېپىللىك قىلغۇچى ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىسا، كېپىللىك قىلغۇچىغا جەرىمانە قويۇلىدۇ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەرگە قارىتا ئادەتتە جازا مۇددىتى يېرىمىدىن ئاشقان بولۇپ، ھەقىقەتەن كېسەل بولۇپ قالغان بولسا، دوختۇرنىڭ ئىسپاتى بىلەن تەستىقلانغاندىن كېيىن كېپىللىك قىلغۇچى تاپسا بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەلگىلىمىلەردىن قارىغاندا كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. مەزكۇر قانۇننىڭ 56 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، گۇمانلىق جىنايەتچى ۋە ئەيىبكار تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك.

(1) ئىجرا قىلغۇچى ئورگاننىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەر، ناھىيىدىن ئايرىلماسلىق؛ (2) سوراق قىلىشقا چاقىرتىلغاندا ۋاقتىدا كېلىش؛ (3) ھەرقانداق شەكىل بىلەن گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىگە توسقۇنلۇق قىلماسلىق؛ (4) ئىسپاتنى يوقىتىۋېتىشكە، يالغان ئىسپات بېرىشكە ياكى جىنايەتنى دۆڭگەشكە بولمايدۇ. كېپىللىك قىلغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كېپىللىك قىلغۇچىنى نازارەت قىلىش بۇ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت. كېپىللىك قىلغۇچى قېچىپ كېتىپ ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىنمىسا ئادەتتە جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئەگەر جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولسا، قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان كېپىللىك تاپقۇچىلارغا قارىتا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ كېپىللىككە ئېرىشكەندىن كېيىن جەمئىيەتتە نىسبەتەن خەتىرى بار - يوقلۇقىنى ئويلىشىدۇ. كېپىللىك قىلغۇچى بولسا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، كېپىللىك قىلىنغۇچى قېچىپ كەتكەندە، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىش، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرگە قارىتا جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك. (02)

(گۈزەل ئابلا ت)

# 1 - يىللىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارغا نۇقتىلىق تەربىيە بېرىش

★ ئەسئەت زۇنۇن ★

ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىلى ئالىي مەكتەپ ھاياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخولوگىيىسى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىسى تۇراقسىز ھالەتتە بولىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە مۇھىم نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى كەمچىل، ئۆزىگە تايىنىش قارىشى ئاجىز، كەيپىياتى تۇراقسىز. ئىككىنچىدىن، بىلىم ئېلىش ئارزۇسى كۈچلۈك، ئەمما ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى ۋە مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ئەتراپلىق ئەمەس. ئۈچىنچىدىن، ئىرادىسى بىر قەدەر ئاجىز ھەم ئۆزىدىن پەخىرلىنىش ۋە ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسى بىرلا ۋاقىتتا ساقلانغان بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، توغرا ئۆگىنىش، كۆرەش نىشانى كەم. بەشىنچىدىن، ئۇلارنىڭ يېشى كىچىك، تەجرىبىسى كەمچىل، مۇھەببەتنىڭ ئاساسىي ئۆلچەملىرىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا ئاسانلا «تۇيۇق يول»غا كىرىپ قالىدۇ. ئالتىنچىدىن، ئىدىيىسى ئوچۇق، ئاسانلا ئەتراپىتىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. يەتتىنچىدىن، كوللېكتىپقا، ساۋاقداشلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىققا كۆيۈنۈش تۇيغۇسى كەم.

بىز 1 - يىللىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدىيىسىدىكى ئاشۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرگە قارىتا نۇقتىلىق ھالدا ئۆز ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتىن قول سېلىپ ئۇلارغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.



## 1. مەكتەپكە كىرىش تەربىيىسىنى ياخشى ئىشلەش.

«ياخشى باشلىنىش — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسى». مەكتەپكە كىرىش تەربىيىسىنى ياخشى ئىشلەش ئالىي مەكتەپ ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدىكى بىر مۇھىم خىزمەت مەزمۇنى. ئاۋۋال توغرا سىياسىي نىشاننى تىكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەدەنىيەتلىك قائىدە - يوسۇن تەربىيىسى ۋە ئىنتىزام تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ مەكتەپكە كىرىپلا قاتتىق ئىنتىزام قارىشىنى تىكلىشىگە ياردەملىشىش ھەمدە ئۇلارنىڭ تېزرەك ئالىي مەكتەپنىڭ ئۆگىنىش مۇھىتىغا ماسلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇلارنى ئۆزىگە تايىنىپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، بىر لاياقەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇشقا يېتەكلەش لازىم.

**2. ئىلمىي ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا بولغان يېتەكلەشنى كۈچەيتىش كېرەك.**

1- يىللىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆگىنىش مۇھىتى ۋە شارائىتىنىڭ بولۇشى، ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۆگىنىش ئۈنۈمىدە روشەن پەرق كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ئىلمىي ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا يېتەكلەش ناھايىتى مۇھىم. ئۇلارغا سىستېمىلىق ھالدا ئىلمىي ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەندە ئىلغار، تەجرىبىلىك بىر قىسىم يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئۆگىنىش توغرىسىدا ھېس قىلغانلىرىنى ۋە ئۆگىنىش تەجرىبىسىنى سۆزلىتىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم ئۆگىنىش تەجرىبىسى مول، سىياسىي ساپاسى يۇقىرى ئوقۇتقۇچىلارنى سىنىپ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلەش، شۇنداقلا ھەر خىل مول، جانلىق 2 - دەرسخانا مەشقى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى چېنىقتۇرۇپ، ئۆگىنىش جەھەتتىكى ماسلىشالماسلىق مەزگىلىنى ئامال بار قىسقارتىش لازىم.

**3. ئۇلارنى شان -شەرەپ ۋە ئوڭۇشسىزلىققا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا باشلاپ «ھېسسىيات ئاجىزلىقى» نى تىرىشىپ يېڭىش لازىم.**

1- يىللىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئاساسىي جەھەتتىن ھېچقانداق ئوڭۇشسىزلىق، قىيىنچىلىققا ئۇچرىمىغان بولغاچقا كەيپىياتىنىڭ داۋالغۇشى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ دائىم شان- شەرەپكە توغرا مۇئامىلە قىلالمايدۇ، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. شۇڭا بىز تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى كۈچەيتىش، ئۆزىگە ئىشىنىش قاتارلىق ساغلام ئەخلاقى ئىگە قىلىپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا ھەسرەت چەكمەسلىككە، ئۈمىدسىزلەنمەسلىككە، غەلىبە، نەتىجە ئالدىدا كۆرەڭلىمەسلىككە يېتەكلىشىمىز لازىم.

**4. توغرا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تىكلىشكە ياردەملىشىپ، ئۇلارنى ئۆگىنىشتە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ۋە نىشانغا ئىگە قىلىش لازىم.**

بىر قىسىم 1- يىللىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپكە قەدەم قويغاندىن كېيىن كىم ئۈچۈن ئۆگىنىش، قانداق ئۆگىنىش قارىشى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ياردەملىشىپ توغرا بولغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى، ئۆگىنىش مەقسىتىنى تىكلەش بىز مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ بۇرچى، بىز ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇلارغا توغرا بولغان كىشىلىك تۇرمۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىز، شۇنداقلا ئۇلارغا ۋەتەننىڭ، ئۆز يۇرتىنىڭ قۇدرەت تېپىشىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

**5. ۋەزىيەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىش.**

نۆۋەتتىكى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمى تېزلىشىۋاتقان خەلقئارالىق ساھەلەردە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا بىر قىسىم 1- يىللىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ئېنىق بولمىغان تونۇش، توغرا بولمىغان كۆز قاراشلار بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە بولغان كۆز قارىشىنى توغرىلاپ، جانلىق ۋە كونكرېت ھالدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتلەرنى چۈشەندۈرۈشىمىز، كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە بىۋاستە چۈشەنچە ۋە جاۋاب بېرىشىمىز لازىم.

**6. ئۆگىنىش ئىستىلى ۋە سىنىپ ئىستىلىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.**

ئۆگىنىش ئىستىلى — ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ئەخلاق سەۋىيىسىنى يۇقىرى دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سىنىپ ئىستىلى بولسا بىر سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۆگىنىش ئىستىلى سىنىپ ئىستىلىنىڭ يادروسى. سىنىپ ئىستىلى بىلەن ئۆگىنىش ئىستىلىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ سۈپىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز 1- يىللىقتىكى ئۆگىنىش ئىستىلى، سىنىپ ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشىمىز، كىچىك ئىقلىم، كىچىك مۇھىتنى ياخشىلاپ 1- يىللىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ياخشى مۇھىتتا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم.

(06)

# ئىقتىدارسىزلىق ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى توغرىسىدا

★ ئېزىزجان توختاجى ★

ئىقتىدار ئادەمگە مەنسۇپ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادەملەر ئىقتىدارلىق بولالايدۇ. بىراق ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىقتىدارلىق بولۇش - بولالماسلىقى تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە باغلىق. ئىنساننىڭ ھاياتلىقى باشلانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىنسان يېتىلگەندىن كېيىن ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى جەمئىيەتنىڭ، تەبىئەتنىڭ چەتكە قېقىشى سۈپىتىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئىقتىدار ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ئادەملەرنىڭ جەمئىيەت، تەبىئەت ھەم ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەريانىدا ئۇچرىغان تەبىئىي توسالغۇلارنى يېڭىپ ئۆتۈش، ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي ماھارەت، نەتىجىلىك ئەمەلىي ھەرىكەتتۇر. ئىقتىدارلىشىش ئادەمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھەممە تەرەپتىن تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇزىدۇ. جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشىيەلەيدىغان قىلىدۇ. مۇھىمى، ئىقتىدار ئىنسانلارنى ئۆتمۈشتىن، ئادەمنى ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىتىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنسانىيەت تارىخى ئىقتىدارنىڭ ئادەمنىڭ مۇھىم تەبىئىي تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئىقتىدار بىلەن ئادەمنىڭ بىر گەۋدىلىنىشىنى تېزلىتىپ باردى. ئەكسىچە، ئىقتىدارسىزلىق ئادەمنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلەشتۈردى. ئۇ ئادەمنى جەمئىيەتكە، تەبىئەتكە يۈك، ئوشۇق نەرسە سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. دېمەككى، ئىقتىدار بىلەن ئىقتىدارسىزلىقنىڭ خاس پەرقى ھەم ئادەمدە، ھەم جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. مەن بۇ يەردە ئىقتىدار ۋە ئىقتىدارسىزلىقنىڭ تەبىرى، خاس پەرقى ئۈستىدە توختالماستىن، بەلكى جەمئىيەت تەرەققىياتىدا پاسسىپ رول ئويناۋاتقان، توسقۇنلۇق كۈچى زور ئىقتىدارسىزلىق ھادىسىسى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمەن.



ئىقتىدارسىزلىقنى ئالغا ئىنتىلمەسلىك، تىرىشىپ ئۆگەنمەسلىك، شۈكرى - قانائەت قىلىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىقتىدارسىزلىق تەبىئىيكى ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

ئىقتىدارسىزلىقنى ئىنسانىيەتنىڭ مۇكەممەللىشىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، تەبىئەتنىڭ ئۆزگەرتىلىشى قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇ ئاددىي ھەقىقەت بىزگە ئىقتىدارسىزلىقتىن ئىقتىدارلىققا بۇرۇلۇش ياشاشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىراق بىز رېئاللىققا دىققەت قىلساق، ئىقتىدارسىزلىقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئىقتىدارسىزلىقتىن تېخىمۇ خەۋپلىك، ئىقتىدارسىزلىق ئۈچۈن تىركىشىش ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىقتىدارسىزلىققا قارىغاندا، ئىقتىدارسىزلىقتا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇش، ئىقتىدارسىزلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئىقتىدارسىزلىقنى قوللاش، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، باشقا ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ۋە ئىقتىدارنى كۆرەلمەسلىك ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. ئەلۋەتتە، ھەر بىر جەمئىيەتتە مەلۇم نىسبەتتە ئىقتىدارسىزلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. لېكىن ئىقتىدارسىزلىقنى ئىقتىدار ئورنىغا دەسسىتىپ، تەرەققىيات قانۇنىيىتى بىلەن قارشىلىشىش، جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئىقتىدارسىز كىشىلەر بار ھالەتتىكىدىنمۇ كۆپ زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. ئىقتىدارسىزلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا ئايلانغاندا، شۇنداقلا يېتەكلىگۈچى رەھبەرلىنىڭ قاتلىمىدىكى كىشىلەر ئىقتىدارسىزلىققا سۈكۈت قىلغاندا تېخىمۇ يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. يېتەكلىگۈچىلەرنىڭ، زىيالىيلارنىڭ، جەمئىيەت ئەربابلىرىنىڭ ئىقتىدارسىز بولۇشى، ئىقتىدارلىقلارنى چەتكە قېقىشى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىقتىدارسىزلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك بىلەن باراۋەر. بەزى يېتەكلىگۈچىلەر، زىيالىيلار شەخسىي مەنپەئەتىدىن چىقىپ، ئۆزى تىرىشىپ ئۆگەنمەي، نەتىجە يارىتالماي ۋە ئىجاد قىلالماي ئاقىۋەت ئىقتىدارسىزلار تەرىپىتە تۇرۇشى، ھەممىدە ئۆزىنىڭكىنى راست دېيىشى قارىماققا، ئۆزى بىلەنلا تۈگەيدىغاندەك قىلسىمۇ لېكىن ئۇ جەزمەن ئەتراپىدىكىلەرگە، پۈتۈن مىللەتكە، دەۋرنىڭ ئومۇمىي ھالىتىگە تېزدىن ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، كۆز ئالدىدا ئوچۇق تۇرسىمۇ ئېتىراپ قىلماسلىق، ئىقتىدارسىزلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆگەنمەسلىك، ئۆزى يول باشلىغۇچى تۇرۇپ ئىقتىدارلىقلارنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە ياكى ئۆزىنى توغرا يولغا باشلىيالماسلىق، ئىقتىدارلىقلارنى بېسىش، ئۇلارنى چاپۇتلاش غەرىزىدە بولۇش يەنە بىر ھەقىقىي ئىقتىدارسىزلىقتۇر. ئالدىنقى ئىقتىدارسىزلىقنى كەچۈرگىلى، چۈشەنگىلى بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئىقتىدارسىزلىقنى ھەرگىز كەچۈرگىلى بولمايدۇ. ئىقتىدارسىزلىققا يول بېرىش ھادىسىسى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان، مىللىتىمىزنىڭ روھىي ھالىتىگە چوڭقۇرلاپ كىرىۋاتقان، سەلبىي تەسىرى ئىنتايىن يامان ھادىسىدۇر. دېمىسىمۇ ئىقتىدارلىقلار ھۆرمەتلىنىشى، ئىقتىدار قوبۇل قىلىنىپ جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى، يېتەكلىگۈچىلەر ئىقتىدارلىق بولۇشى، ھېچ بولمىغاندا، ئىقتىدارلىقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق تەكلىپلىرىنى قوللىشى، ئىقتىدارسىزلار ئالدىدا ئىقتىدارلىقلارنى ئۈستۈرۈشى، مۇكاپاتلىشى كېرەك. ئۆز كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلماستىن كەمچىلىكنى كۆرسىتىپ بەرگەنلەرنى دۈشمەن كۆرۈش، ھەممىنى ئۆزى بىلەن تەڭ قەدەم ئېلىشقا، ھەتتا كەينىدە مېڭىشقا مەجبۇرلاشقا ئۇرۇنۇش ھەممىسى ئىقتىدارسىزلىقتىن، ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز، يېتەكلىگۈچىلىرىمىز ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆز بىلىملىرىنى تولۇقلىماستىن، باشقىلارنى باشلاپ ماڭماستىن، ئەكسىچە، ئۆزىدىن

ئېشىپ كەتكەنلەرنى كۆرۈنۈشتە قوللىغاندەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە يامان كۆرۈپ، ئۇلارنى چاپۇتلاش، كۆزدىن يوقىتىش، كەسىپتىن ئايرىۋېتىپ ئەمەلىي ئىشقا قويماسلىق غەرىزىدە بولماقتا.

ئىقتىدارسىزلىق ھادىسىسىنىڭ كەڭ ئاما ئىچىدىكى تەسىرى ئانچەكەڭ ئەمەس، زىيىنىمۇ ئانچە ئېغىر بولمايدۇ. ئەمما، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئىقتىدارسىزلىق زىيالىيلار، رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر، يېتەكلىگۈچىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشسا ئۇنىڭ تەرەققىياتىمىز، روناق تېپىشىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زور. تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭرى بولغان زىيان كېلىپ چىقىدۇ. ئىجاتچانلىق بوغۇلۇپ، ئىقتىدارسىزلار ئىشقا قويۇلىدۇ. تەرەققىيات كەينىگە چېكىنىپ كېتىدۇ. ئادەم مۇكەممەللىشىشتىن يىراقلاپ بارغانسېرى ئاددىيلىققا، ساختىلىققا يۈزلىنىدۇ.

دېمەك، ئىقتىدار جەھەتتە پەرق بولىدۇ. ئىقتىدارلىقلار ۋە ئىقتىدارسىزلار ھەر قانداق جەمئىيەتتە مەۋجۇت. بۇ ساقلىنىش مۇمكىن بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. ئەڭ خەتەرلىك ئىقتىدارسىزلىق شۇكى، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆگەنمەسلىك، تىرىشماسلىق، ئۆزىنى تولۇقلىماسلىق، ئىقتىدارلىقلارنى ئەتىۋارلىماي، ئۇلارنى ئۆز لايىقىدا ئىشقا قويماي ئۇلارنىڭ ياخشى تەكلىپ، ئەقلىي كۆرسەتمىلىرىنى قوبۇل قىلماي، ئەكسىچە، ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈش، ئۆز مەنپەئىتىنى دەپ ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى چەكلەش، ھەتتا يوقىتىش بەدىلىگە ئۆز خەلقىنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە غايەت زور زىيان سېلىش، جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرەققىياتى بىلەن قارشىلىشىپ تارىخ ئىسترىلكىسىنى كەينىگە بۇراش غەرىزىدە بولۇش، ھەرقانداق كىشى قاتتىق دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك زور ئىش. بولۇپمۇ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر، زىيالىيلار ھامان ئالدىغا ئىنتىلىپ بۇ خىل چاكىنىلىقتىن ئۆزىنى خالىي تۇتۇشى، ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئىقتىدار ئىگىسى بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. (06)



تەھرىرى: 06
(ئەسقەر داۋۇت)

## خۇشخەۋەر

**فە**رھاد - شېرىن ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئورنى سىزگە ئۆزگىچە گۈزەللىك ۋە ساغلاملىق ئاتا قىلىدۇ.

مەزكۇر ئورنىمىزدا ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش (ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن كەچ سائەت سەككىزگىچە مۇلازىمەت قىلىدۇ) يۈزدىكى ھەر خىل داغ، دانىخورەك، سەپكۈن - قورۇقلارنى يوقىتىش، قاش كۆزنى ئاغرىتماي تەبىئىي شەكىلدە چېكىش، ھەر خىل تويغ گىرىملىرىنى قىلىش، توي كۆڭلىكىنى ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق تۈرلەردە ئەلا مۇلازىمەت قىلىدۇ.

ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش كەسپىنى ئۆگىنىشنى خالايدىغانلارغا ئوقۇش پۇلى ئالماي پەقەت ماتېرىيال ھەققى بىلەن پراكتىكا ھەققىلا ئېلىپ ئۆگىتىپ قويۇلىدۇ. ياخشى ئۆگەنگەنلەر مەزكۇر ئورنىمىزغا خىزمەتكە قوبۇل قىلىنىدۇ. ۋاقتى ئۈچ ئاي بولىدۇ. پراكتىكا ھەققى بىلەن ماتېرىيال ھەققى 500 يۈەن بولىدۇ. سىرتتىن كېلىپ ئوقۇيدىغانلارغا ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. يوتقان كۆرپە ئۆزىدىن بولىدۇ. ئوقۇشنى ئۆگەنگەندىن كېيىن دىپلوم بېرىلىدۇ.

مەزكۇر ئورنىمىزدا يەنە ئەرلەرنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش (ۋاقتى ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن توققۇزغىچە، كەچ سائەت ئالتىدىن سەككىزگىچە بولىدۇ) تۈرلىرى، ئاياللارنىڭ پىكورا گۈزەللەشتۈرۈش (ھەپتىدە ئىككى سائەتتىن ئۈچ قېتىم) بالىلارنىڭ ئۇسۇل دەرسلىكى (شەنبە، يەكشەنبە چۈشتىن بۇرۇن تۆت سائەتتىن، چارشەنبە كەچ ئىككى سائەت)، قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ ئۇسسۇل دەرسلىكى (ھەپتىسىگە ئالتە سائەت) چوڭلار ۋە بالىلارنىڭ مۇزىكا دەرسلىكى (ھەپتىسىگە ئالتە سائەت) قاتارلىق تۈرلەر يولغا قويۇلغان بولۇپ، باھاسى تۆۋەن، ۋاقتى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ كىشىلىك قىممىتىڭىزنى ئاشۇرۇپ، ساپايىڭىزنى ئۆستۈرەي دېسىڭىز مەزكۇر ئورنىمىزنىڭ مەسئۇلى پاتىگۈل روزى سىزنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھەر رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدە. تېلېفون نومۇرىمىز: 2861845

قانۇن مەسلىھەتچىسى: دىلدار ئېزىز

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، پەيزاۋات ناھىيىسىدە ئارقا-ئارقىدىن كۈچلۈك يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. قالدۇق يەر تەۋرەش تېخى تۈگىمىگەن، خەلق ئاممىسى غەم-ئەندىشە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان پەيتتە، كەڭ قانات يايدۇرۇلغان «ياش پىدائىيلار» نىڭ ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ھال سورىدى ھەمدە 4-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارە-ئورۇنلاردىن 19 «ياش پىدائىيلار» مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللىنىپ 3896 يۈەن ئىئانە توپلاپ، ئۇن، گۆش، تۇخۇم، چاي، سوپۇن قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىۋېلىپ ھەمدە 41 يۇرۇش كىيىم-كېچەك ئىئانە قىلىپ، تېرىم يېزىسى، بارىن بازىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئېغىر يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان بەشتە كاپالەتچى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 32 ئائىلىدىن ھال سورىدى ھەمدە 4-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى يەر تەۋرەشتە ئېغىر يارىلىنىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان 17 نەپەر ئاغرىقنى گۆش، تۇخۇم قاتارلىق يېمەكلىكلەر بىلەن يوقلىدى. ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ۋە كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىكى ياش پىدائىيلار ناھىيىلىك يېتىم-يېسىرلار مەكتىپىگە بېرىپ 27 يېتىم بالىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى ھەمدە ئۇلارغا مىنىڭىت كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسىنى ھەقسىز ئۇرۇپ، يېتىم بالىلارغا بولغان كۆيۈنۈش ۋە مېھىر-شەپقىتىنى يەتكۈزدى. (04)

(ئابدۇغېنى ئابلىز خەۋىرى)

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسى ئىجتىمائىي مۇھىتنى ياخشىلاپ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراق ئىشلىرىدىكى ھەشەمەتچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ناچار ئۆرپ-ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراق ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە، تۆت جۈپ قىز-يىگىت 6-ئاينىڭ 8-كۈنى يېزىلىق ھۆكۈمەت زالىغا جەم بولۇپ يىغىچە كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، قىز-يىگىتنىڭ ئاتا-ئانا، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى، يېزا تەۋەسىدىكى ھەر قايسى ئىدارە-جەمئىيەت، كەنت مەسئۇللىرى، دىنىي زاتلار ۋە خەلق ئاممىسىدىن بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق كىشى مۇراسىمغا قاتنىشىپ ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ توي مەرىكىسىنى قىزغىن ئالقىشلىدى. مۇراسىمدا يېزىلىق سەنئەت ئەترىتى قىزىقارلىق سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ مەرىكىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى، يېزا رەھبەرلىرى باش ياغلىق، كۆڭلەك، بەلۋاغ قاتارلىقلار بىلەن تويى بولغان بۇ قىز-يىگىتلەرنى مۇبارەكلىدى. ئاخىرىدا تۆت دانە مەپە تەييارلاپ ناخشا-مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئۇلارنىڭ توينى كۆچۈرۈپ قويدى. (04)

(ئەنۋەرجان سىمىر خەۋىرى)

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئورمان مەيدان ئىتتىپاق كومىتېتى ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ «كىرىم يارىتىپ ئىتتىپاققا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» نىڭ روھى بويىچە مەيدان دائىرىسىدىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئارىسىدا ھاللىق سەۋىيىدىكى ئىتتىپاق ياچېيكىسى بەرپا قىلىشنى ئىشنى «خىراجەت ئېتىزى» بەرپا قىلىش ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈشتىن باشلاش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە مەيدان ئىتتىپاق كومىتېتىغا قاراشلىق سۆگەتبېرىق كەنت ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ بېقىندىن قوللىشى بىلەن 60 مو خىراجەت ئېتىزى ھەل قىلىپ، ئۇنىڭ 40 موسىغا نەشپۈت كۆچىتى تىكىپ مېۋىلىك باغ بىنا قىلىپ، ياچېيكىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئاساس ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە باش ياچېيكىغا قاراشلىق ھەرقايسى ياچېيكىلارمۇ كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرىنى كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە تەشكىللەپ ئۇنى سېتىش ئارقىلىق 2400 يۈەن ساپ كىرىم قىلىپ ياچېيكىنىڭ زورۇر ئىقتىسادىي چىقىمى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى (04)

(ئابلىمىت ئابدۇكېرىم خەۋىرى)

ياشلارغا ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرۇش بىلەن، ئۇلارنىڭ كوللېكتىۋىزملىق روھىنى ئۇرغۇتۇش مەقسىتىدە يىللاردىن بېرى ئىتتىپاق خىزمىتىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان قەشقەر شەھەرلىك ئۆي، يەر-مۈلۈك باشقۇرۇش ئىدارىسى سىستېما ئىتتىپاق ياچېيكىسى بۇ يىل 6-ئاينىڭ 13-كۈنى ئۆز تەۋەسىدىكى 20 دىن ئارتۇق ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياشلارنى تەشكىللەپ، شەھەرنىڭ نەزەرباغ يېزا 3-كەنتىگە بېرىپ كەنتتىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار، ئەمگەك كۈچى ئاجىز ئالتە ئائىلىلىك دېھقاننىڭ 13 مودىن ئارتۇقراق بۇغدىيىنى ئورۇپ بېرىپ، ئۇلارنى غەمدىن خالاس قىلدى.

بۇلارنىڭ دەل ۋاقتىدا ئېلىپ بارغان بۇ ئەھمىيىتى زور ئەمەلىي ئىشى بۇ يېزىدىكى كەڭ دېھقانلارنىڭ قىزغىن ماختىشىغا ئېرىشتى. (04)

(ئەنۋەر تاھىر خەۋىرى)

# ئەسىر ئاتلاش بوسۇغىسىدا

★ ئەسقەر داۋۇت ★



گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزورلارنىڭ ھەممىسىدىلا «ئەسىر ئالمىشىدىغان مەزگىل»، «ئەسىر ئاتلايدىغان پەيت»، «ئەسىر ھالقىيدىغان باش»، «ئەسىر ئاتلايدىغان پىلان» دېگەندەك دەبدەبىلىك جۈملىلەر ھەدەپ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان يىغىن، نۇتۇق، كېڭەشلەردە «ئەسىر ئاتلاش» سۆزى كېلىشمىلىق، چىرايلىق ئېغىزلاردىن كەلكۈندەك ئېتىلىپ چىقىپ ھەر قاچان، ھەر نەپەس دىڭ تۇرغان قۇلاقلار ئېتىزىغا تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن شۇڭغۇپ، سىڭىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكىدەك سەلتەنەتلىك پەيتتە بىز زادى بۇ كاتتا چاقىرىققا قانچىلىك ئاۋاز قوشتۇق، «ئەسىر ئاتلاش» سۆزىنى قانداق ئىستېمال قىلدۇق، بىزدە ئەسىر ئاتلايدىغان پىلان ۋە ئەسىر ئاتلايدىغان ياشلار بارمۇ، بولسا قانچىلىك، بىز زادى غالىبلارچە ئەسىر ئاتلىيالايمىزمۇ ياكى باشقىلارنىڭ شان - شەرىپىدىن پەخىرلىنىپ يۈرۈۋېرىمىزمۇ؟ دېگەندەك ئازابلىق تۇيغۇلار بىلەن ئۆزىمىزنى بىر قىيناپ كۆرمىسەك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

شۇنداق، خۇددى توققۇز كېلىنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتقىنىغا ئوخشاش كونا ئەسىر بىلەن خوشلىشىش، ھېسابلىشىشقا ھېچقانداق ئىمكان بولمايلا يېڭى ئەسىرنىڭ گۈلدۈرمامىسى ھەر تەرەپتىن قۇلاق مېڭىمىزنى يېمەكتە. 21- ئەسىرگە، بۇ مۇقەددەس قەسىرگە قانداق كىرىمىز، باشقىلارغا ئوخشاش ئايروپىلان، راكېتا، ئالەم كېمىسى بىلەن كۆكتە ئۇچۇپمۇ ياكى ئۇچىمىزدىكى كونا، يىرتىق چاپان بىلەن قوپال، كالامپاي كەشىمىزنى سۆرەپمۇ؟ باشقىلارغا ئوخشاش يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئېلېكترونلۇق مېڭە، لازېر نۇرلۇق ئوپتىك ئەسۋابلار ۋە يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى ئۈسكۈنىلەر بىلەنمۇ ياكى كەتمەننى كۆتۈرۈپ، ساپان سۆرەپ، ئېتىز بېشىدا ئاي، يىل دېمەي سۇ تۇتۇپمۇ؟ باشقىلارغا ئوخشاش بىرنى ھۆركىرەپلا

ئاسمان- زېمىننى ئەرەختەن- پەرەختەن قىلىۋېتىدىغان، يېيىش- ئىچىش، كىيىش، ئويناش، ساياھەت قىلىش دېگەنلەر ھېچقانداق ئىقتىسادىي كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان يۈكسەك مەنىۋى باياشادلىقتا يەر شارىنى، ئالەمنى ئايلىنىپ يەتتە دۇنيانىڭ ھۇزۇر- ھالاۋىتىنى كۆرۈپمۇ ياكى قىشنىڭ زىمىستان سوغۇقلىرىدا، يازنىڭ تومۇز ئاپتاپلىرىدا جانغا ئىككى سىلىپ، مېڭىنىڭ قېتىقى چىققۇدەك كۆيۈپ - پىشىپ ئىشلەپمۇ قورساق تويغۇدەك بىرەر ۋاخ مەززىلىك تائامغا، كۆڭۈل خۇش بولغىدەك بىرەر قۇر يېڭى كىيىمگە ئېرىشەلمەي، ئۆمۈر بويى ھاياتنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمەي، ئۇ دۇنياغا كۆزى ئوچۇق كېتىپ قېلىۋاتقان مىڭلىغان، مىليونلىغان جاپاكەش كىشىلىرىمىزدەكمۇ؟

مانا بۇلارغا ئوخشاش ئازابلىق سوئاللار خۇددى قارىغۇنى تار يەرگە قىستىغاندەك بىزنى تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. بىزنى ئۆزىمىز ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا، مەنىۋىيىتىمىزگە قايتا دىئاگنوز قويۇشقا دەۋەت قىلماقتا.

تېخىچىلا ئىپتىدائىي تەپەككۇر ۋە ئىپتىدائىي تۇرمۇش شەكلىدە ياشاۋاتقان، ئات- ئۇلاغ ۋە ئادەم كۈچى يەنىلا ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى قىلىنىۋاتقان سەھرالىرىمىزنىڭ ئەھۋالى بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت. ماقالىنىڭ تۈپ غول لىنىيىسى، مەركىزىي ئېھتىياجىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن بۇ ھەقتە مەخسۇس توختىلىشقا ئىمكان بولمايدۇ. ماقالىدە توختىلىدىغان مەركىزىي مەسىلە- بىز ھەممىمىز تەرىپىدىن مۇئەييەن نىسبەتتىكى مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئەتراپلىق تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ قارىلىۋاتقان بەزى زىيالىيلار، ئۆزلىرىنىڭ كۆپ قىرلىق ياشاش تاكتىكىسىنى دەسمايە قىلىپ ئەل- جامائەتكە شەكلەن ئاتاقتا ئىگە بولۇۋاتقان ئايرىم رەھبەرلەر، بەزى ئالىي مەكتەپلەردىكى كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بىنورمال ئىشلاردۇر.

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئايرىم ئوقۇتقۇچىلىرى ھېلىغىچە ئۆز سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى بىلمىگەندەك، بىلسىمۇ قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىسىنىڭ پەرقىنى، كېرەككە كېلىدىغان، كەلمەيدىغانلىرىنىڭ سانىنى بىلمىگەندەك مۇتلەق كۆپ ساندىكى زىيالىيلىرىمىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ، كەڭ ۋە تار مەنىدىكى ئۆز يۇرتىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنى، يەر كۆلىمى جەھەتتە دۇنيادا قانداق ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئومۇمىي بايلىقىنى، تۈرىنى، زاپىسىنى، مەملىكەت ۋە دۇنيا بويىچە قانچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخىي پەيت، دەۋرلىرىگە ئوخشاش ھەرقانداق بىر ئىنسان بىر روشەن ئادەم سۈپىتىدە خۇددى ئۆزىنىڭ ئىسمىغا، ئالاھىدىلىكى، بەلگىسىگە ئوخشاش ھەر قاچان ھازىر جاۋاب بولىدىغان سان- سىپىر، ئىستاتىستىكىلارنى كونكرېتنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ ھال دەل ھازىرقىدەك كەڭ ياش - ئۆسمۈرلىرىمىز ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ساددا ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان، ئەلۋەتتە.

ھەممىمىز تەرىپىدىن ئاللىبۇرۇنلا ئەقىل ئىشلىتىپ چىقىرىدىغان زاۋۇت، بىلىم ئامبىرى ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئالىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ، تۇرلۇك ئاتالمىلاردىكى بىلىم يۇرتلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىزگە بەش قولدەك ئايان. قورساقتىكى ئۇماچنى ئىككى- ئۈچ يىلدا بىر ئالماشتۇرۇش ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەقەززاسىغا ئايلانغان، تاشقىرىدىن، يات ئەللەردىن كەلكۈنسىمان ئېقىپ كىرىۋاتقان بىلىم تاشقىنى ۋۇجۇدىمىزنى يالىڭاچلاپ، قورسىقىمىزدىكى ئۇماچنى ئاشكارە قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بەزى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلىرى يەر ئاستى ئۆيلىرىدىكى ئەخلەت- چاۋالار ئارىسىدىن ئون يىل بۇرۇن، ئاز دېگەندىمۇ بەش يىل بۇرۇن يېزىپ، تەييارلاپ قويغان رەڭگى ئۆڭۈپ، بەتلىرى تىتىلىپ كەتكەن كونا كونسپېكلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ھېچقانداق نومۇس، خىجىللىق ھېس قىلماستىن رەتلىك، پاكىزە، پېڭى - يېڭى سىنىپلارغا بوسۇغا ئاتلاپ كىرىپ، سانسىزلىغان ئۈمىدۋار كۆزلەرنى، بىلىمگە تەشنا جۇشقۇن، تېتىك ۋۇجۇدلارنى كاردىن چىقارماقتا. شىنجاڭدا داڭقى بار، ئېغىزغا چوڭ ئېلىنىدىغان سەنئەت مەكتەپلىرىدە تا ھازىرغا قەدەر سىستېمىلاشقان نەزىرىيىۋى دەرسلىك يوق. ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي قولىيازمىسىغا، ئۆزلىرى بىلىدىغان، تېخى ئەقىل، بىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن بەكمۇ ئاددىي، يۈزەكى، مېخانىك ھەرىكەت، ئىپادىلەرگە تايىنىپلا ساۋات بېرىش ئاساسلىق ئۇسۇل قىلىنغان ئوقۇتۇش شەكلىدە دەرس ئۆتۈلمەكتە. دېمەك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدىن تاللىنىپ كەلگەن ياش- ئۆسمۈرلەر بۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن قانداق كىرىپ كەلگەن بولسا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن دىگەن نام بىلەن بۇ مەكتەپنى شۇنداق پۈتتۈرۈپ چىقماقتا...

ئىنتايىن تېز، تار، نوقۇل ھادىسە چەمبىرىكى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان، ھېچقانداق ئىلمىي قىممەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن، ئۆتكۈنچى پىكىر، دارتمىلاشلىرى بىلەن «تەتقىقاتچى» ئاتىلىپ ئۆزىنى پەردازلاپ يۈرگەنلەر؛ ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن «داگېدا»نىڭ مېھرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ساپ، سەممىمىي، ئىلمىخۇمار، پەزىلەتلىك قەلبلەردىن ۋاز كېچەلەيدىغان، ئۇستەل چىرىغى بىلەن ئاتالمىش «رېستوران، قاتار چاي»نىڭ مۇناسىۋىتىدە ئەلۋەتتە كېيىنكىسىنى شەرتسىز تاللىۋالىدىغان زىيالىيلار، يېتەكلىگۈچىلەر قاتلىمىدىكى ئايرىم خوتۇن- قىزلار؛ تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ كىم، كىمنىڭ بالىسى، كىمنىڭ ئۇرۇق- ئەۋلادى، كىمنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەي ئۆز خەلقىنى ھەدەپ چەتكە قېقىپ، خەلقنىڭ يەلكىسىدىكى يۈكنى ھەسسىلەپ ئېغىرلىتىشقا سەۋەب بولۇۋاتقان ئايرىم رەھبەرلەر؛ خەلقنى قانداق قىلىپ قولدىن ئەپچىللىك بىلەن يېتىلەپ، توغرا يول كۆرسىتىپ بىر پارلاق، داغدام يولغا ئەپچىقىشنىڭ توغرا، دۇرۇس ئۇسۇلى ھەققىدە ئەتراپلىق ئويلىنىش، يېزىشنىڭ ئەكسىچە خەلقنىڭ گەدىنىگە يوغان، ئېغىر بىر تاغار يۈكنى ئارتىپ، ئۇر كالتەك قىلىپ يۈرگىنىگە قارىماي «ئىقتىدارلىق يازغۇچى»، «تالانتلىق يازغۇچى» ئاتىلىپ يۈرگەن تەنتەك، بىلىمسىز، يىراقنى كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز ئايرىم ئاپتورلار... ئىشقىلىپ زىيالىيلار، يېتەكلىگۈچىلەر قاتلىمىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئايرىم

چاكىنا پاكىتلار بىزگە بەش قولدەك ئايان. كىشىنى ھەممىدىنمۇ بەكرەك ئەپسۇسلاندۇرىدىغان، مەيۈسلەندۈرىدىغىنى % 80 تىن كۆپرەك زىيالىيلار، يېتەكلىگۈچىلەر قاتلىمىمىزدىكىلەرنىڭ تېخىچىلا ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ ئەڭ ئاددىي مەشغۇلات تەرتىپلىرىنىمۇ بىلمەسلىكى، ئۇچۇقراقى، ئۇنىڭ كونۇپكا تاختىسىنى تېخىچە تۇتۇپ باقمىغىنىغا ئوخشاش ھادىسىدۇر.

زامان ئۆزگەرمەكتە، جاھان تەرەققىي قىلماقتا. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئېلېكترون، ئۇچۇردەۋرىدىن نۇردەۋرىگە ئورۇن بوشىتىۋاتقان سەلتەنەتلىك پەيتتە بىز ئۆزگىلەرنىلا ئەمەس، ئۆزىمىزنىمۇ چۈشەنمەي، تۆت تاغنىڭ ئارىسىغا بېكىنىۋېلىپ، ئۆتكەن كۈنلەردىن پەخىرلىنىپ، كەلگۈسى ھەققىدە شېرىن چۈش كۆرۈپ يۈرمەكتىمىز. بىزنىڭ زىيالىي، يېتەكلىگۈچى قاتلىمىمىزدىكىلەر ئەسىر ئاتلاشتا بىۋاسىتە ئېنىرگىيەلىك كۈچ بولىدىغان تەبىئىي پەن ساھەلىرى ئەمەس بەلكى ھېلىغىچە ئەدەبىيات - سەنئەت، تەرجىمانلىق، ئاخبارات - نەشرىيات قاتارلىق ئىككىلەمچى، ۋاستىچى كەسپلەرگە مەستانە بولماقتا...

قىسقىسى، يۇقىرىقىلارنىڭ سەۋەبىنى كىمدىن ئىزدەيمىز؟ بىپايان ئېتىز - قىرلاردىكى دېھقان- چارۋىچىلىرىمىزدىنمۇ؟ ياكى بېزا- بازارلىرىمىزدىكى سەممىي، ساددا، بىگۇناھ ئاۋام، پۇقرالىرىمىزدىنمۇ؟ ياق، ئۇلاردا نېمە گۇناھ، ئۇلاردا نېمە سەۋەب. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا ھەم ماڭا ئوخشاش ئەل- يۇرتنىڭ سەركىسى، باشلامچىسى ھېسابلانغان زىيالىيلارنىڭ، يېتەكلىگۈچى قەۋمىدىكى ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ بۇرچى، تېخىمۇ توغرىراغى، ساڭا ھەم ماڭا ئوخشاش كېلەچەكنىڭ قۇرغۇچىلىرى ھېسابلانغان ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ بۇرچى، مەسئۇلىيىتى، خالاس!

## ئىجتىھات بىلەن ئىشلەش...

ئامېرىكىنىڭ پسىخولوگىيە دوكتورى لومىنىڭ مەخسۇس تەتقىقات نەتىجىسى ئىجتىھات بىلەن ئىشلەشنىڭ تەن سالامەتلىككە ناھايىتى چوڭ پايدىسى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەش كىشىلەردىكى غېرىپلىق ۋە غەمنى تۈگىتىدۇ. كىشىلەر تىت- تىت بولغان ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنى خۇشال ئەمەس بەلكى ناھايىتى ئازابلىق ۋە تەنھا ھېس قىلىدۇ، بىراق ئالدىراش كىشىلەرگە قارىسىڭىز ئۇلار ھەر قاچان خۇشال يۈرىدۇ. نۇرغۇن قىزىقىدىغان، نۇرغۇنلىغان كەسىپنى قىزغىن سۆيىدىغان شۇنداقلا نەتىجە قازىنىدىغان كىشىلەرنىڭ خۇشال ۋاقىتلىرى دەل ئۇلارنىڭ جاپالىق خىزمەت قىلىدىغان چاغلىرىدۇر. خىزمەت ئادەم بىلەن رېئال تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك بولۇپ، كىشىلەر بىلەن جەمئىيەتنى كەڭ دائىرىدە ئۇچراشتۇرۇپ، كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرىدۇ، دوستلۇق ۋە ئىللىقلىققا ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭ تەن سالامەتلىككە ئىنتايىن زور پايدىسى بار. خىزمەتتىن ئايرىلغان كىشىلەر بۇلاردىن بەھرىمەن بولالمىغاچقا تەن سالامەتلىكى تەسىرگە ئۇچراپ ئاسانلا كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، خىزمەت - كىشىلەرگە قانائەت ھاسىل قىلدۇرۇپ، تۇرمۇشنى مەزمۇنلۇق ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇ يەنە - كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە قىممىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. كىشىلەر خىزمەت قىلىۋاتقاندا، ئىشلىرىدا نەتىجىگە ئېرىشكەن چاغلىرىدا، قەلبى بىر خىل ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ۋە دىل ئاراملىقىغا چۆمۈپ روھىي ھالىتىدىن مەمنۇن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە ئىشىنىشى ۋە ئالغا ئىنتىلىشى كۈچىيىپ، روھىي ھالىتى تېخىمۇ ساغلام بولىدۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكە كىرىشىپ كەتكەن كىشىلەر خىزمەتتىن ھوزۇرلىنىدۇ -دە، ئازابتىن بىراقلا يەڭگىللىگەندەك بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، سىز خىزمەتتە ئىرىشچان بولغانسېرى، ئاكتىپ بولغانسېرى كۆڭلىڭىز شۇنچە ئازادە بولىدۇ. تېنىڭىز تېخىمۇ ساغلاملىشىدۇ.(06)

(خەيرىنسا ئىسمايىل . ت)



ئاچچىق قىسمەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ زەررىچىمۇ ھاياتنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرەلمىگەن بىر بىتەلەي ئايال. ئۇنىڭ بەختسىزلىكى ئۇنىڭ ئاشۇ ئەتىدىن كەچكىچە كىچىككىنە بىر دەستە كۈن نۇرىمۇ چۈشمەيدىغان، ھېچقانداق دېرىزە - پەنجىرىسىز كىچىك ئۆيىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ ۋاقىتلىق قورساق ئاچلىقىنى بېسىش، ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈنلا يېيىلىدىغان ئوزۇقلۇق قىممىتى تولىمۇ تۆۋەن ئاددىي غىزالىرىدىمۇ.... ياق، ياق ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن بەكرەك، ھەممىدىن ئېغىرراق ئازاب - ئۇنىڭ بىرمۇ بالا - چاقىسى يوق، بىرمۇ ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق، بىر بەختسىز تۇل ئايال بولۇپ قالغانلىقىدا ئىدى.

راست، تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان بۇنداق تەتۈر قىسمىتى ئۇنىڭ ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەل ھايات دەۋرانلىرىنى خۇددى ۋاقىتسىز پايخان بولغان ياپراقتەك ئاللىقاياقلارغا چەيلەپ تاشلىغان، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆمۈر دەرىخى قۇرۇپ قاقشال بولاي دېگەندە يىلتىز- يىلتىزلىرى ئارىسىدا پەيدا بولۇۋاتقان نەمخۇش، ھايات بەخش سىزىم

## ئۇ يالغۇز ئەمەس

★ دەۋران ★

ۋ ۇجۇدىغا تولىمۇ مۇقەددەس، تولىمۇ يۈكسەك غايىۋى ئىستەكلەرنى پۈككەن، ھەم بۇنداق غايىۋى ئىستەكلەرنىڭ سېھرىي كۈچىدە ئىنسانلار تۇپىدىن ئايرىلىپ، تەنھا، يالغۇز ياشاش، تەنھالىق قەسرىدە ئۆز تەقدىرىنىڭ بارغىنىنى سوقۇش — ھەقىقىي سەنئەتكارلارغا نىسبەتەن بەخت، خۇشاللىق بىلىنىشمۇ، بىراق يۈكسەك غايە، ئىستەكلەردىن خالىي تۇرمۇش ئادەملىرى ئۈچۈن، تۇغرىسى، فىزىئولوگىيىلىك ئادەملەر ئۈچۈن ئاشۇ پاساھەتلىك «يالغۇز- لۇق، تەنھالىق» دې- گەنلەر بەلكى ئازاب- ھەسرەت، نادامەت دېگەندەك ئۇقۇملار بىلەن خۇلاسىلىنىشمۇ مۇمكىن.

شۇنداق، ئايىمنى- ساخان ئانا ئىنسانىي ئاتاق بىلەن يەر يۈزىگە تەۋەللۇت بولۇپ خىلمۇ خىل بەختسىزلىك،



ئۇنىڭ ھايات دەرىخىنى قايتىدىن كۆكەرتمەكتە ئىدى. شۇنداق، يېشى 70كە يېقىنلاشقان ئايىمنىساخان ئانا چوڭقۇر ئۇمىدسىزلىك، زەئىپلىك پاتقىقىغا پېتىپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشاي دېگەن پەيتتە سانسىزلىغان ساپ، سەممىي، مېھرىبان، سېخىي قوللار ئۇنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ ئۇنىڭ چىرايىغا نۇر، ۋۇجۇدىغا ھەرقاچان مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئىسسىق قان بەردى. ئۇنداقتا، ئۇلار كىم؟ ئۇلار دەل ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىسى ھەبىبۇللا ۋە ئۇ مەسئۇل بولۇۋاتقان بۇ مەكتەپنىڭ سودا مۇلازىمەت كەسپى 96- يىللىق 1- سىنىپىدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئىدى.

ھەبىبۇللا ئاتۇشتا تۇغۇلغان. ئۇ 1985- يىلى شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچى شەھىرى ۋېيخۇلياڭ ئوتتۇرا مەكتىپكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ خىزمەتكە چىققان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، پۈتۈن ئىجتىھاتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە ئىزدەندى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئىزچىل ئارقىدا مېڭىۋاتقان بۇ مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا نەتىجىسى بىردىنلا ياخشىلىنىپ، شۇيمۇگو رايونى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. ئۇ ئۆزى مەكتەپ ۋە رايون بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالاندى. 1993- يىلى 9- ئايدا ئۇ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومغا يۆتكەلدى. بۇ مەزگىلدىمۇ ئۇ ئىزچىل ھالدا سىنىپ مەسئۇلى بولۇپ ئۆز سىنىپى ۋە ئۆزى دەرس بېرىدىغان سىنىپلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇ ئۆزى ماتېماتىكا كۆنۈكمىلەر توپلىمى تۈزۈپ، تەييارلاپ كەسپىي مائارىپ سىستېمىسى بويىچە بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي مائارىپ سىستېمىسى بويىچە ماتېماتىكا گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇ ئۆزى باش بولۇپ ئۆز سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ھەر خىل ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەپ، ئۆزىنىڭ خالىس تۆھپە قوشۇش روھى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت سېپىمىزدىكى ئۈلگىلىك ياشلاردىن بولۇپ قالدى.

ئۇ ئايىمنىساخان ئانىغا خۇددى ئۆز ئانىسىغا قارىغاندەك قارىدى. قىشنىڭ زېمىستان سوغۇقلىرىدا، يازنىڭ قارا يامغۇرلۇق كۈنلىرىدە ئۇنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال ئويلايدىغىنى يەنىلا ئاشۇ ئايىمنىساخان ئانا، ھېيت - بايرام كۈنلەردە 300 ـ 400 يۈەن قىممىتىدە گۆش - ياغ، ئۇن ئېلىپ دادىل قەدەم تاشلاپ ماڭىدىغىنى ئۇنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى ئەمەس بەلكى ئايىمنىساخان ئانىسىنىڭ ئۆيى، ئۇ ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە بىر قېتىم دوقۇرۇپ، ھال - ئەھۋال سورايدىغىنى ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئائىلى ئەمەس، بەلكى ئىتتىپاق يولى باشقارمىسى 4- قورۇدىكى ئايىمنىساخان... شۇنداق، ھەبىبۇللا بۇ تۆت يىلدىن بۇيان ھەر يىلى ھېيت - بايرامدا ئۇنى 300 ـ 400 يۈەنلىك ماددىي بۇيۇم بىلەن يوقلىدى. ھەر جۈمە، شەنبە كۈنلىرى ئۆز سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ 10 ـ15 يۈەن قىممىتىدە يەل- يېمىش، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغاندىن باشقا بۇ مەزلۇم ئانىنىڭ كىر- قاتلىرىنى يۇدى، چاچلىرىنى يۇيۇپ تارىدى. ئۆي - سەرەمجانلىرىنى تازىلاپ پاكىزلىدى، پۇت - قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى. ھەتتا ھەبىبۇللا بۇ مەزلۇم ئايالنىڭ ئۆمۈرلۈك قارىغۇچىسى بولۇپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قەسەم بەردى.

ياش، خالىس تۆھپە قوشۇش روھىغا باي، ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى ھەبىبۇللا ئۆزى باش بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىنى تەشكىللەپ قىلغان سانسىزلىغان ئىش- پائالىيەتلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئۇ تاپشۇرۇۋالغان رەھمەت خەتلىرى بىزگە ئۇنىڭ ھامان بىر ئالىيجاناب قەلب ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىزكرى قىلىدۇ. مەن ھەبىبۇللا ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە، شاپائىتىگە ئېرىشكەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ تىپى، ۋەكىل خاراكتېرلىكى سۈپىتىدە ئايىمنىساخان ئانىنى زىيارەت قىلىپ بارغىنىمدا ئۇ كۆز يېشىنى زادىلا توختىتالمىغان ھالدا يۇقىرىقىلارنى بىزمۇ بىر سۆزلىگەندىن كېيىن «مەن يالغۇز ئەمەس، مەن يالغۇز ئەمەس» دەپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.... (06)

(ئىسمائىل ئىبراھىم فوتوسى)



# خەيرى - خوش، سۆكۆت

## - شىنجاڭ مۇقام «بۇغراخان» كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى غەيرەتجان توغرىسىدا

★ ئۆز مۇخبىرىمىز ئە. داۋۇت ★

ئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ھەرگىزمۇ بىر - بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. بەلكى بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ. ئەنئەنىدىن ئايرىلغان زامانىۋىلىق يىلتىزسىز قامغاققا، يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەككە ئوخشايدۇ. ئەنئەنىدىن ئايرىلغان زامانىۋىلىق بىلەن قانداقمۇ مىللىي خاسلىقنى ساقلاپ قالغىلى، تەرەققىي قىلدۇرغىلى ۋە ئۆلمەس نەتىجىنى روياپقا چىقارغىلى بولسۇن!

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان كىيىم- كېچەك سەنئىتى ئۆزىنىڭ بىر نەچچە مىڭ يىللىق مۇساپىسىدە خۇددى مەدەنىيىتىمىزنىڭ باشقا يېرىك تۈرلىرىگە ئوخشاش كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئەبەدىيلىك، ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلغۇسى شەجەرىلىك نەتىجىلىرى بىلەن روھىيىتىمىزگە مەنىۋى تۈۋرۈك بولۇپ كەلمەكتە. مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىۋاستە رەسىملىك پاكىت ئۆلگىلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق كۇچا قىزىل تاش كامىردىكى قەدىمكى كۈسەن رەسسامنىڭ كىينىشنى نۇقتا قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىينىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قەدىمكى سىكتاي - ساكلارنىڭ كىينىشىدىكى ئېتنولوگىيىلىك ئىزچىللىق ئۈستىدە توختىلىپ، ناھايىتى يىراق زامانلاردىلا ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى جەھەتتە خېلى ئالغا كەتكەن مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ گوياكى مۆجىزاتتەك تارىخىي شان - شەرىپى ئەمدىلىكتە بۇ بىپايان قۇرغاق زېمىننىڭ قۇم - توپىلىرى ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قېلىشى كېرەكمۇ؟ قاچانمۇ بىزنىڭ ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەن زامانىۋى پاسون بىر گەۋدىلەشكەن روشەن مىللىي خاسلىققا ئىگە يۇرۇر كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ، ئۆزىنىڭ يارىشىملىق مىللىيچە كىيىملىرىدىن پەخىرلىنىپ يۈرەلەيدۇ؟

ھەر قېتىملىق مەملىكەتلىك كىيىم - كېچەك كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭغا بېرىلگەن سانىنىڭ «0» دېگەن رەقەم بىلەن خۇلاسىلىنىۋاتقىنىنى ياكى بۇ كۆزگەرمىگە قاتناشقان تەقدىردىمۇ باشقىلارنىڭ نەزەرىدىن ساقىت قىلىنىشتەك ئاچچىق قىسمەتلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ھېس قىلىپ يەتكەن غەيرەتجان روزى (ئۇ بۇ كۆرگەزمىلەرگە ئۆز خىراجىتى بىلەن سىرتتىن قاتناشقان) ھەمىشە يۇقىرىقىدەك ئازابلىق، ئەندىشىلىك سوئاللار ئۈستىدە باش قاتۇراتتى، ئويلىناتتى ھەم مىللىي كىيىم - كېچەك ساھەسىدە مەيدىسىگە ئۇرۇپ چىقىپ، جانپىدالىق بىلەن ئىگىلىك تىكلىيەلەيدىغان، بۇ ساھەدە بەھەيۋەت زاۋۇت كارخانىلارنى قۇرۇپ، ئۇنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇپ، باشقىلارنى تاڭ قالدۇرالايدىغان كۆپلىگەن ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق ئۇ خام - خىيالنىڭ، سۆكۈتنىڭ

قولى بولمىدى. ئۈمىد كۈتۈشنىڭ، سۆكۈتكە بوي بېرىشنىڭ ئەخمىقانىلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ھەممە ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، ھەممىنى ئۆزى قىلىپ مىللىي كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزدىكى تۇرغۇنلۇقنى، جىمىلىقنى توغرىسى سۆكۈتكە جەڭ ئېلان قىلىشنى توغرا تاپتى.

— شىركەت قۇرىمەن، — دېدى ئۇ ئۆزىگە خاس سىپايىلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن كۆيۈمچان ئاتا - ئانىسىنىڭ سەممىي مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ باقماق بولۇپ.

- نېمە، شىركەت قۇرىمەن، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن ئوغلۇم، سەن بۇگۈنگىچە نەدىمۇ 26 — 27 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان گۆدەك - ساددا ياشلارنىڭ شىركەت قۇرغىنىنى ئاڭلاپ باققان. شىركەت قۇرىمەن دەپ، پۇلنى ساماندەك خەجلەپ، ھېچ قانداق نەتىجىنىڭ تايىنى يوق بىزنى تۈگىمەس قەرزگە مۇپتىلا قىلىپ، ئۆي جايلىرىمىزدىن ئايرىپ، كوچىغا چىقىرىپ قويماقچىمۇ. بىزنى ئۆيلىساڭ بۇ ساددا ئويۇڭدىن دەرھال ۋاز كەچ...

غەيرەتجاننىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئويىنى كەسكىن ھالدا رەت قىلىپ تاشلىدى، بىراق ئۇنىڭ ئاكىسى جۈرئەت بىلەن سىڭلىسى رەيھانگۈل كەسكىن ئىپادە بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ شىركەت قۇرۇشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ماسلىشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا يېقىن ھەمشىرە بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، شىركەت قۇرۇش ئىشەنچىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى.

شۇنداق قىلىپ شىركەت قۇرۇشنىڭ زېپەر مارشى باشلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر نەچچە يىللىق تىجارىتىدىن جۇغلىغان بارلىق مەبلىغىنى تۇنجى سېلىنما قىلدى. ئۇنىڭ ئاكىسى جۈرئەت ئۆزىنىڭ بار يوق مەبلىغىنىڭ ھەممىسىنى ئىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. غەيرەتجاننىڭ يېقىن ئاغىنىلىرى، تونۇش بىلىشلىرى 5000، 10 مىڭ، 20 مىڭ، 30 مىڭ، 40 مىڭ يۈەندىن تاشلاپ ئۇنىڭ شىركەت قۇرۇش ئويىغا كۈچلۈك ئېنېرگىيىلىك كۈچ بەخش ئەتتى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، غوپۇر ئابدۇللا قاتارلىق رەھبەرلەر ئۇنىڭغا يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇپ ئۇنىڭغا بېغىشلىما يېزىپ بەردى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا مۇراجىئەت قىلدى.

بولۇپمۇ مۇئاۋىن رەئىس غوپۇر ئابدۇللا بۇ شىركەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىپ، مالىيە نازارىتى ۋە يېنىك سانائەت نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا بىۋاسىتە بېرىپ سىياسەت ۋە مەبلەغ جەھەتتە بۇ شىركەتنى قوللاشقا، ئېتىبار بېرىشكە ئائىت نىگىزلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. غەيرەتجان ئۆزى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ۋە چەت ئەللەردىكى كارخانىلارنى جەلپ قىلىپ كارخانىنىڭ دەسلەپكى مەبلەغ ئاساسىنى ھازىرلىدى. ئۇ بۇ مەبلەغكە ئالدى بىلەن ياپونىيىنىڭ 90- يىللارنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە ئىگە تېز سۈرئەتلىك تىكىش ماشىنىسى، مەخسۇس تىكىش ماشىنىسى قاتارلىق يۇقىرى ئىقتىدارلىق ئۈنۈمۈرسال ئۈنۈملۈك ئەڭ يېڭى ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزدى ھەمدە ئۆتۈشمە كۆۋرۈك يېنىدىن (5 - ئوتتۇرا مەكتەپ تەۋەلىكىدىن) 460 كۋادرات مېتىر كەڭلىكتىكى بىنانى ئىجارىگە ئېلىپ ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ئۆز تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى داڭلىق ئۇستىلارنى، ئىچكى ئۆلكىلەردە ۋە چەت ئەللەردە كىيىم لايىھىلەش كەسپى بويىچە ئوقۇپ كەلگەن كەسىپ ئەھلىلىرى، تىككۈچى ۋە تېخنىك خادىملاردىن بولۇپ 50 تىن ئارتۇق كىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆز كارخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. ھەر خىل خۇرۇم كىيىم، خۇرۇم بۇيۇم، ھەر خىل رەخت كىيىم ۋە بۇيۇملارنى، سەھنە ۋە توي مەرىكە كىيىملىرىنى، پۇزۇر كاستيۇم - بۇرۇلكىلارنى، ئوقۇغۇچىلار فورمىسى ۋە ھەر خىل فورمىلارنى توپ ۋە پارچە زاكاز قىلىش، سېتىشتەك مۇلازىمەت تۈرلىرىنى تەسىس قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى. شۇنداق قىلىپ مىللىي كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش، شۇنداقلا «12 مۇقام» تەتقىقات ئىشلىرىغا بىر تۈركۈم مەبلەغ ھازىرلاش مەقسىتىدە ياش، ئىقتىدارلىق كارخانىچى غەيرەتجاننىڭ جاپالىق ئىگىلىك تىكلىشى بىلەن 1996- يىلى 4 - ئايدىن باشلانغان بۇ خاسىيەتلىك پىلان قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدە رويابقا چىقتى. شىركەت نامى «شىنجاڭ مۇقام (بۇغراخان) كىيىم - كېچەك



چەكلىك شىركىتى» (ئامېرىكا ھەمكارلىقىدا) نامى بىلەن ئاتالدى. ئۇ ئۆزى شىركەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى،ئاكىسى جۇرئەت زاۋۇت باشلىقى بولدى. غەيرەتجان ئۆزى ئەستايىدىللىق بىلەن لايىھىلەش، پىلانلاش نەتىجىسىدە يىگىنە بىلەن يىپنىڭ ستېرېئولۇق گىرەلىشىشىدىن ھاسىل قىلىنغان سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە «B (بۇغراخان)» ماركىسىنى ئىختىرا قىلىپ، مىللىي كىيىم- كېچەكلىرىمىزدە مىللىيچە ماركا بولماسلىقتەك ئېچىنىشلىق ھادىسىگە خاتىمە بەردى.

ئۇ مېنىڭ زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغاندا، بۇ شىركەتنى يېقىندا ئاپتونوم رايون مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشنى ئاساس قىلغان، سىياسەت ۋە مەبلەغ جەھەتتە ھۆكۈمەت ئېتىبار قىلىدىغان، ياردەم بېرىدىغان نۇقتىلىق كارخانا قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى، ھەمدە ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ بۇ كارخانىنىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىگە ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالىغا يۇقىرى باھا بېرىپ ئۇنى مىللىي سانائەت ساھەسىدىكى مۇھىم كارخانىلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ، مەبلەغ ۋە سىياسەت جەھەتتە مەركەزنىڭ بىۋاسىتە قوللىنىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت خاسىيەتلىك ئۇچۇرلارنى ماڭا سەممىيلىك بىلەن يەتكۈزدى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەستىق، ھۆججەتلەرنى ماڭا بىرمۇ بىر كۆرسەتتى.

ئۇ ئاخىردا يەنە مۇنۇلارنى قوشۇمچە قىلدى:

– بىز يېقىندا ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىل بايراق سودا بازىرىنىڭ نەنمېن تەرىپىنىكى ئېغىزىدا شىركىتىمىزنىڭ مەخسۇس سېتىش سارىيىنى ئاچتۇق. بىر نەچچە يىل ئىچىدە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىمۇ سودا مىللىي كىيىم -كېچەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودا سارايلىرىنى تەسىس قىلماقچىمىز. روشەن مىللىي خاسلىققا ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە ھەر خىل خۇرۇم كىيىم - كېچەكلەرگە، رەختتىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەرگە، سەھنە، توي - مەرىكە كىيىملىرىگە، ئوقۇغۇچىلار فورمىسى ۋە ھەر خىل فورمىلارغا ئېھتىياجلىق بولغۇچىلارغا بەجانىدىللىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىمىز. توپ ۋە پارچە زاكاس قىلىمىز، ساتىمىز. بىزنىڭ 5835252 (0991) نومۇرلۇق تېلېفونىمىز، 21138 ـ 2811118 (0991) چاقىرغۇمىز ۋە 1399919774 نومۇرلۇق كۆچمە تېلېفونىمىز ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق ئىستېمالچىلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشتا بىر قىزىق لىنىيە بولۇپ قالغۇسى.

### خاتىمە ئورنىدا

«غالىبلىق غالىبلارنىڭ يول خېتى، جەسۇرلۇق جەسۇرلارنىڭ خىسلىتى» دېگەندەك تېخى ئەمدىلا 27 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان غەيرەتجاننىڭ دادىللىق بىلەن ئىگىلىك تىكلەپ، مىللىي كىيىم - كېچەك ساھەلىرىمىزدىكى بوشلۇق، تورغۇنلۇققا، ئوچۇقراقى بۇ ساھەدىكى سۇكۇتكە جەڭ ئېلان قىلىپ، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ تارىخىي شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى ھەقىقەتەنمۇ ئۈلگە ئېلىشقا تېگىشلىك روھ. ئۇنىڭ دادىللىق بىلەن ئىگىلىك تىكلەش روھى دەۋرىمىزدىكى، جەمئىيىتىمىزدىكى كەڭ ياشلارنىڭ روھىنى ئويغىتىش، ئىجاد، مېھنەت قىلىش، قەددىنى رۇسلاشقا ئېتىلغان بىر بۇيۇك چاقىرىق. ئۇنىڭ دادىل ئىگىلىك تىكلەش، يول ئېچىش روھى دەۋرىمىز ياشلىرى ئۈچۈن قىبلىگاھ، ماياك بولۇپ قالغۇسى. (06)

(ئىسمائىل ئىبراھىم فوتوسى)

## رايونىمىزدا بادام...

شىنجاڭ ـ مەملىكىتىمىزنىڭ بىردىنبىر بادام ئۆستۈرۈلىدىغان رايونى، ھازىر پۈتۈن شىنجاڭدا 750 مىڭ مو يەردە 1 مىليون 2000 تۈپ بادام كۆچىتى بار. نورمال ئەھۋالدا يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر بىر تۈپ بادامدىن 1.5 كىلوگرام، ھەر مو يەردىن 24 كىلوگرام ئەتراپىدا ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. ئامېرىكىدا بولسا بادامنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 450 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

«9-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىز ئىھاتە ئورمان ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە بادام يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ 1000 مو يەردە ئۈلگىلىك ئەۋرىشكە ئورمانلىقى، 200 مو يەردە يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سورتلارنى يېتىشتۈرۈش تەجرىبە ئورمىنى بەرپا قىلىپ 2-، 3-ئەۋلاد ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. (07)

(ئەنۋەر قادىر. ت)

## 5-نومۇرلۇق باتارېيە...

ئوخشاش بولمىغان ئېلېكتر ئەسۋابىغا 5- نومۇرلۇق باتارېيىنىڭ قايسى خىلىنى ئىشلەتسە ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ؟ ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ بېيجىڭدا ئېلان قىلغان سېلىشتۇرما تەجرىبە تېخنىكىسىدىن قارىغاندا، شاڭخەيدە ئىشلەنگەن «بەيشۋاڭ»، «شاڭپۇ»، «شاڭخەي سۇڭشيا» ۋە نىڭبودا ئىشلەنگەن «شۋاڭگلۇ» قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىگەن. تەجرىبە نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئىشقارلىق سىنك مانگان باتارېيىسىنىڭ ئۈنۈمى باشقا ئوخشاش تۈردىكى سىنك مانگان باتارېيىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئېلېكتر ئېقىمى چوڭراق بولغان ئېلېكترونلۇق چاقماق لامپا، ئېلېكترلىك ئويۇنچۇق قاتارلىقلارغا «بەيشۋاڭ LR6» تىپلىق باتارېيىنى ئىشلەتكەندە ئىشلىتىش ۋاقتى ئۇزۇن ھەم ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. كىچىك رادىئو، كىچىك ئۈنئالغۇلارغا «شۋاڭگلۇ LR6» تىپلىق باتارېيە ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. (07)

(رەھبەت رەخىم. ت)

## باللارنى ئويغاتقاندا...

سەھەردە ئاتا-ئانىلار ھەمىشە باللىنىڭ بالدۇر ئورنىدىن تۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. ئەگەر شېرىن ئۇخلاۋاتقان باللىنى زورمۇ-زور ئويغاتسا ياكى يوتقاننى ئېچىۋېتىپ مەجبۇرىي ئورنىدىن تۇرغۇزسا، بالا ئورنىدىن تۇرسىمۇ، لېكىن چوڭ مېڭە يەنىلا ئۇيقۇ ھالىتىدە تۇرىدۇ. مېڭە ھەرىكىتىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەڭشەش تەس بولىدۇ. بۇ چاغدا باللىنىڭ بەدىنى كۈچسىز، چارچاش ھالىتىدە تۇرىدۇ. بۇ ساغلاملىققا پايدىسىز، توغرا ئۇسۇل شۇكى، باللىنىڭ تەبىئىي ئويغىنىشىغا يېتەكلەش، باللىنى ئويغاتماقچى بولغان ۋاقىتتىن ئون مىنۇت بۇرۇن رادىئونى ئېچىپ يېنىك مۇزىكىلارنى قويۇش، ئاندىن ئاۋازنى تەدرىجىي چوڭايتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېرىزىنى ئېچىپ ئۆينى شامالدىتىش كېرەك. مۇشۇنداق ئادەتنى داۋاملاشتۇرغاندا باللار تېز ئويغىنىدۇ، روھى كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ. (07)

(رەھبەت رەخىم.ت)

## ھاياتلىقتىكى بەش ئىش

1. كىتاب ئوقۇش. ئادەم ئۇرغۇنلىغان كىتابلارنى ئوقىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ نۇرغۇنلىغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى پىششىق ئوقۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ھەقىقەتەن پىششىق ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلارمۇ كۆپ ئەمەس، سىزنىڭ قەلبىڭىزنى زىلزىلىگە كەلتۈرەلەيدىغان ياخشى كىتابتىن بىرنى ئوقۇسىڭىزلا كۇپايە قىلىدۇ؛ 2. بىرەر كەسىپكە ماھىر بولۇش. بىرەر كەسىپنىڭ ئەھلى بولۇش ھاياتلىقتا توختىماي بىلىم ئىگىلەش، ئائىلە تۇرمۇشىنى قامداشنىڭ ئېھتىياجىدۇر؛ 3. ئىناق بىر ئائىلە قۇرۇش. ئىناق بىر ئائىلە قۇرۇپ چىققاندا بىر ئۆمۈر بەختلىك ياشىغىلى بولىدۇ؛ 4. گۈزەل ھېسسىياتقا ئىگە بولۇش. پەقەت بىزنىڭ قەلبىمىز پاك بولسىلا دۇنيا مەڭگۈ نۇرغا تولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن قەلبنى پاكلاشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ گۈزەل ھېسسىياتقا ئىگە بولۇش؛ 5. ياخشى بىر ئادەم بولۇش. ئانچىكى ئىش ئىكەن، دەپ ساۋابلىق ئىشتىن باش تارتماسلىق كېرەك. پەقەت يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەش تۈرلۈك ئادەتتىكى ئىشنى ئەستايىدىل ياخشى قىلغاندا سىزنىڭ ھاياتىڭىز چوقۇم مەنىلىك ئۆتىدۇ. (07)

(ئەنۋەر قادىر. ت)

بېشارىتىدۇر.

بۇ يۇرتنىڭ ئەمگەكچان، سەممىي، قورغاق مىجەز خەلقىنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى ئىقتىسادىي كرىزىسقا بوغۇلغان چۈشكۈن روھىي ھالەتلەرگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، مائارىپنى قوللاپ ۋىسال تېپىشتەك ئالاھىدە ساپ قان ئىدى. ئەپسۇس، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ قان تەركىبىگە مائارىپنىڭ ھەر خىل سۈلغۇن ئېچىرقاشلارغا پەسەنت قىلمايدىغان، ئۆزىنىڭ زەئىپ پسىخىكىسى ۋە مەغلۇبىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، زۆرۈرىيەتتە ئېھتىياج قابىلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى كېرەك قىلمايدىغان، قول ئاستىدىكى ئاممىنىڭ ئۇيغۇسىنى قاينىتىدىغان، ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىددىيەت ۋە كېلىشمەسلىكلەرنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئورۇنغا دۆڭگەپ مەجبۇرىيەتسىزلىك قىلىدىغان، ئۆز يېقىنلىرىنى يېنىغا تارتىپ ئۆزىنى مۇستەھكەملەش ۋە يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ كويىدا يۈرۈيدىغان، تىلى بىلەن دىلى ئوخشىمايدىغان، تەرەپبازلىق قىلىپ مەقسەتلىك ئادەم پۈتلەيدىغان، بېشى يۇمشاق، قوۋۇرغىسىز خوشامەتچىلەرنى قوشلاپ تالانتلىق ئىزدەنگۈچىلەرنى «ھالاكەت ئارخىپى» سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىدىغان كېسەل ۋىرۇسلىرى كۆپلەپ ئېقىپ كىردى.

بۇنداق مەنزىرە ئەقلىي كامىل، ۋىجدانى بۇرۇچى ئىپسىدە، قەلب كۆزى سەزگۈر، ئەپۇچان يۈرەكلەرنى ئويغا سالماقتا، نېمە ئۈچۈن بەزى رەھبەرلەر ئارىسىدا بىرسى مۇئەييەنلەشتۈرسە يەنە بىرسى ئىنكار قىلىپ ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ۋە سوۋۇپ كېتىش ھادىسىنى



## مەرىپەت ئانىسى خاسىيەتلىك ئۇۋا

★ جۈرئەت ئەمەت (جۈرئىتى) ★

دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ئۆز تەقدىرىگە دىئاگنوز قويالايدىغان كىشىلەردىلا يۈكسەك ئىنسانىي بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولىدۇ. بۇ خىل ئالىيجاناب روھ مائارىپنىڭ ھەرىكەتچان قوينىدا تەربىيىلىنىش بىلەن يېتىلىدۇ. مائارىپ – سوزۇلما خاراكتېرلىك مۇرەككەپ، نازۇك ئەقلىي قۇرۇلما، ئۇ ئىنسانىي قەدىر- قىممەت، ئەقلىي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرىدىغان مەرىپەت ئانا ۋە خاسىيەتلىك بىپايان ئۇۋا. مائارىپى كۈچلۈك ئەلنىڭ پۇقرالىرىدىلا كەسكىن ۋە جىددىيەت تۈسىنى ئالغان ئۆزىنى يېڭىلاش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ ھەم رېئاللىق بىلەن ئۆتكۈر خىرىس قىلىنىشىدۇ.

بىز ئۆز دىيارىمىزنىڭ مائارىپ مۇساپىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق نۇرغۇنلىغان يېتىشسىزلىكلەرنىڭ ھېلىمۇ ھېسداشلىق تونىغا ئورىنىپ، كەچۈرۈلۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايمىز.

ئەقەللىيسى بىز دادىللىق بىلەن ئاڭ ئىسلاھاتى ئېلىپ بارالمايۋاتىمىز، قاششاق تەپەككۇر بىلەن تۇرغۇنلۇق ئىچىدە ئۆكسۈۋاتىمىز... بۇ دەل ئويلىنىشىمىز قالغان سەۋەبلىكىنىڭ

كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن قانداق ئىشلەشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلمەي ياكى خاسىيەتلىك ئورنىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەي ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىمۇ كاللا سوقۇشتۇرىدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ «مەقسەت»لىرى زادى نېمىكىنە؟!

ھاياتنىڭ مەنىسىنى خۇشامەت تارازىسى ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان شان - شەرەپ ۋە ۋىجدان بىلەن خوشلاشقان ئاز بىر قىسىم كىشلەر كۆن ئۆتكۈزۈش ۋە جان بېقىشنىڭ يوللىرىنى ئەمەلدارلارنىڭ ئىلتىپات ئەمەللىرىدىن ئىزدەپ سۈپەتسىز براك ماللارغا ئايلىنىپ قالغان. ئەڭ خەۋپلىك يېرى شۇكى، بارماقلىرى قېتىپ كەتكەن، كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىشلار قەلب دۇنياسىدىن يىتكەن باقمىچى ۋە يايمىچىلارنىڭ ئوقۇتۇش سېپىگە كىرىپ مەسۇم گۆدەكلەرنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىمەن دېگىنى! ئۇلار قايسى ئاڭ ۋە مېتوت بىلەن ئادەم تەربىيىلەيدىكىن؟ ئۇلار باللارنى ساراڭ قىلىپ قويمىسىلا بولاتتىغۇ!؟

ئەنە شۇنداق بىر قىسىم ئادەملەرگە مۇنبەر ھوقۇقىنى ئاتا قىلغان بىر قىسىم رەھبەرلەر «پاك - دىيانەتلىك بولۇش، ئىقتىدارلىق بولۇش، تالانت ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ئەترابلىق كۆڭۈل بۆلۈش» دېگەن چاقىرىقلار يېزىلغان گېزىت - ژۇرناللارنى ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىۋېتەمدىكىن؟ ئۇلار ماتارىپ ئىسلاھاتىنى نېمە دەپ چۈشىنىدىغاندۇ؟ ئۇلار بايقاش ۋە تەكشۈرۈش، تاللاش ۋە شاللاشتىن ئىبارەت ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنا قاتلىمىنى چۈشەنمەمدىكىن!؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئايرىم يارىماس ئادەملەرنى ئۆز يېنىدا ساقلاپ قالىدىغاندۇ؟

ئاددىيسى ئۇلار خىزمەت تەكشۈرۈش ۋە ھەر خىل مېھماندارچىلىق توپەيلى ئوقۇتقۇچىلار ئولتۇراقلاشقان ئىپتىدائىي كەپىلەرگە كۆپ قېتىم بارىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزى بۇ ئەبگا ئۆينى ئەمەس، بەلكى داستىخان ئۈستىدىكى شاراپ زاكوسكىلىرىغا بەنت ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ پىششىق بىلىدىغان شۇنداق مودىغا ئايلانغان قەلب ساداسى- «ماتارىپ كەمبەغەل، بىزدە پۇل يوق، يوقىرىغا مەلۇم قىلدۇق، ئۇلار ئىپادە بىلدۈرمەيۋاتىدۇ. بىز يول مېڭىۋاتىمىز» دېگەن چىرايلىق بايانلاردىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئاتالمىش دوختۇر قەغىزىنى كۆتۈرۈۋېلىپ داۋالىنىپ كېلىمەن دەپ ھاۋالىنىپ يۈرۈيدىغان، مەكتەپكە كەلمەي ھەتتا بىر سائەتمۇ دەرس ئۆتمەي، خىزمەتمۇ قىلماي مائاش ئېلىپ ئائىلە ئىشلىرى ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇناسىۋەتشۇناسلىق ئىلمىدە قاقباش بولۇپ كەتكەن «ئەقىللىق يىشۇ»لار ئارىمىزدا ئازمۇ؟

بازارغا يۈزلىنىش كېرەك. لېكىن، ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ ئاساسى بولغان ماتارىپ خادىملىرى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئەگەر بۇ خىل ئۇنتۇلۇش كۆپ بولىدىكەن، ئىلگىرىلەش ئاستا بولىدۇ، ھەتتا تۇرغۇن ھالەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئوقۇتۇش سېپىدىكى ئەزىمەتلەر، «ئىنسان پۈتكۈل مەخلۇقاتنىڭ تاجىدۇر. ئۇ پاك، شەرەپلىك، گۈزەل ياشىشى كېرەك. شۇنداق ياشاشنى بىلگەندىلا ھايات دىلتنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدۇ. ئىنسان ئۈچۈن تاج كەيمەك شەرت ئەمەس، بەلكى نومۇس ۋە ۋىجدان ئىگىسى بولۇشى، جەمئىيەت ئالدىدا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى سېزىشى شەرت. خۇشامەتچىلىك، قۇلچىلىق ۋە پەسكەشلىك بىلەن تاپقان مەنسەپتىن ئىتنىڭ ئىشىك باقىشنى مىڭ ئەلا» دېگەن ناۋايىنىڭ ھېكمەتلىرى ئېسىڭلاردا بولسۇن.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يارقىن مۇزىكىسى ئىچىدىكى تەربىيىلىگۈچىلەر، سىلەر ئۆز ۋىجدانى بۇرچۇڭلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار! يانچۇقلىرى پۇلغا تولۇپ كەتكەن كارخانا ئىگىلىرىگە قاراپ ئۆز كەسپىڭلاردىن يېرگەنمەڭلار! ساغلام ياشاشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار. بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز ناماز شام قارىغۇسى بولۇپ قالمىسۇن. شۇ چاغدىلا بىزنىڭ سەبىي باللىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ساغلام ھېسسىياتىغا چىقىش يولى تاپالايدۇ (09)

(قايتۇرسۇن مۇمىن فوتوسى)



# قېينانا زادى ئەسكىمۇ؟

★ تۇرغۇنجان ئىمىن مەمتىلى ★

ئانىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم، چۈنكى ئاشۇ «ئۇلۇغ» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان ئانا ئۆز پەرزەنتىنى ھامىلە چېغىدىن باشلاپ ئاسراشنى باشلىسا تاكى كۆزى يۇمۇلغىچە «بالام، بالام» دەپ ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش، قىسقىسى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر رىيازەت چېكىدۇ. شۇڭلاشقىمىكىن، ھازىرقى «چولپان» ئاتالغان ۋە كۆزگە كۆرۈنۈش ئالدىدا تۇرغان ناخشىچىلىرىمىزنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئانىنى تەرىپلەپ ئېيتقان ناخشىلىرى، ھازىر نەشىر قىلىنىۋاتقان ۋە خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاشۇ مۇقەددەس ئىنسان «ئانا»نى كۈيلىمەكتە.

سەنئەتنىڭ بىر تۈرى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن تارقاتقۇچىسى بولغان ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭمۇ ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ يازغان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىمۇ ئاشۇ پەرى سۈپەت «ئانا»نى ئۇلۇغلاش، ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيۈش تەربىيىسى ئاساسىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. ئېھتىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ تەربىيە شېرىيەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى ۋە تاپماقتا. گەرچە بىز ئۇيغۇرلاردىن «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەنلەر چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن «ئانا»نى ئەڭ ئوبرازلىق بەدىئىي تىل ۋە بەدىئىي تېخنىكا بىلەن سۈپەتلەپ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر، يازغۇچىلىرىمىز بىزنىڭ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتىمىز بولغان «ھۆرمەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشمەكتە. بولۇپمۇ مۇھەممەتجان راشىدىن، ئوسمانجان ساۋۇت، ئەسقەر ياسىن، نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى.... قاتارلىق شائىرلىرىمىز، زوردۇن سابىر، ئەخەت تۇردى، توختى ئايۇپ، ئابدۇللا

ساۋۇت... قاتارلىق يازغۇچىلىرىمىز ئۇيغۇر ئائىلىرىنى ئەڭ ئالىي تۈردە ئۇلتۇرغۇزۇشنىڭ لازىملىقىنى تەدرىجىي تونۇتماقتا.

كۆپلىگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى «ئانا»نى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى بۇ دۇنيالىقتىكى ئەڭ چوڭ بايلىقى ھېسابلاپ ئەتىۋارلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇنداق ياخشى تۇرمۇش مۇھىتىغا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلىنىدىغان پەرزەنتلىرىنىڭ توي مەرىكىسى داۋالغۇش پەيدا قىلىدىغان، «ھەسناكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق» بولۇپ قالىدىغان، تۆۋىنى 7000 ـ 8000 يۈەن، يۇقىرىسى 70 ـ 80 مىڭ يۈەن خەجلەپ، زىيادە ھەشەمەتچىلىككە يول قويۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئائىلىسىگە يېڭىدىن كىرىش ئالدىدا تۇرغان «كېلىن»نىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ مەرىكە ئۆتكۈزگەن، تويدىن كېيىن قەرز ئىگىلىرىنىڭ ئالدىدا بېشىنى تۆۋەن قىلغان ئاشۇ ئەڭ ئۇلۇغ «ئانا»نىڭ تېخى يۈزى ئېچىلمىغان، بېشىدىن ئىسسىق سوغۇق كۆپ ئۆتمىگەن «كېلىن» نىڭ ئالدىدا «ئانا»لىق ئوبرازى تۆۋەنلەپ كېتىدىغان، پەقەتلا ئوغۇل پەرزەنتى ـ ئېرىنىلا ھۆرمەتلەپ، ئاشۇ ئوغۇلنىڭ ئانىسى بولغان «قېيىنانا»سىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان، ھەتتا كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇشۇق، باش ئايىقى يوق گەپلەرنى تارقىتىپ ئارىغا سوغۇقچىلىق سالىدىغان تۈگمەس قېينانا ـ كېلىن غەۋغاسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ھېلىھەم مەۋجۇت. قېينانا دېگەن سۆزنىڭ سۆز مەنىسىدىن قارىغاندىمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئانا بولۇشتىن باشقا ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولغان «كېلىن»گە ئانا بولۇشنىڭ ئىنتايىن قېيىنلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنى ئانىلىق دەرىجىسىدىن قېينانىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئانىلارلا ھېس قىلالايدۇ، ئەلۋەتتە.

بىزدە يەنە شۇنداق بىر ئادەتمۇ باركى، نەپىس تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيگەندە كىيىم تىككۈچىنى ئۇنتۇيدىغان، مەززىلىك تائاملارنى ئىستېمال قىلىپ، ئاغزىمىزنى چاكىلداتقاندا، خورۇچلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئاشپەز ئۇستاملارنى ئۇنتۇيدىغان، قىسقىسى قولىمىزدىكى ئەتىۋارلىق نەرسىنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئەجىر سىڭدۈرگۈچىنى ئۇنتۇيدىغان، يولدىن ئازغانلارنى كۆرگەندە ئازغانلارنىلا كۆرۈپ، ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئەيني ئورۇن، ئەيني ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئويلاشمايدىغان يۈزەكى قاراشلىرىمىز ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا. بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ئوغۇللارنى قاتارغا قېتىپ چوڭ قىلغان «ئانا» نىڭ «كېلىن» تەرىپىدىن ئۆز ئانىسىدەك مۇئامىلىگە ئىگە بولمىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. قېينانا بولغانلارنىڭ ياش قورامى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلار ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىت ئوخشاش بولمىغاچقا، دۇنيا قارىشىمۇ ماس ھالدا ئوخشاش بولمايدۇ. بولۇپمۇ ياشىنىپ قالغاندا قېينانا بولغانلار چارچاش ۋە قېرىلىقنىڭ ئاسارىتىدە نېرۋىسى ئىتتىكلەپ بىرەر ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلىدۇ. مىجەزى ئاساسەن باللارچە مىجەز بولغاچقا ئۆز پىكرىنىڭ دەرھال ئورۇندىلىشى، ئۈمىدىنىڭ يەردە قالماسلىقىنى ئويلايدۇ. ياشلارنىڭ بولۇپمۇ ئۆز كېلىنلىرىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە قايغۇ ھەم خۇشاللىقتىمۇ ئوخشاشلا ھەمدەمدە بولۇشىنى چىن دىلىدىن كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدۇ. ئۆز كېلىنلىرىنىڭ ئەستايىدىل ۋە تەشەببۇسكار بولۇشىنى چىن دىلىدىن ئۈمىد قىلىدۇ. بىراق، بەزى ئامۇتىنىلا يەپ ھەسىنكام بىلەن كارى بولمايدىغان بەزى كېلىنلەرچۇ؟ ئۇلار ئېرىنىڭلا دېگىنىنى قىلىپ، قېينانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى رەت قىلىدىغان، قاپاق سۈزىدىغان، بويىنىنى تولغاپ، يوقىلاڭ ئىشلارغا تاكاللىشىدىغان، ئۆزىنىڭمۇ بىركۈنى «قېينانا» بولىدىغانلىقىنى ئويلىمايدىغان، ھەتتا قېينانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدىغان، ھەدېسە ئېرىغا ئانىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان، قول بىلەن قىلىۋەتسە بىردەمدە تۈگەيدىغان، پۈتنى ئىشقا سالسا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بېرىپ كېلىدىغان ئىشلارنى قېينانام بۇيرىدى دەپ ئېغىر ئېلىپ، ئېرىنى ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدىكى قوناقتا ئايلاندۇرۇپ

قويىدىغان ئەھۋاللار خېلىلا مەۋجۇت. كېلىنلەر ياش تۇرسا ئائىلە ئىشلىرىنى قىلغانغا ئۇلار ياداپ كېتەرمۇ؟ ئازغىنە يول ماڭغانغا ئۇلارنىڭ «ئەزىز» پۇتلىرى ئۇگە-ئۇگىلىرىدىن ئاجراپ كېتەرمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بۇ يەردىكى گەپ مەن قىلىۋاتقان ئىشقا ئارتۇقچە ئارىلاشتى. ئۆز مەيلىمچە بولمىدى دەپ، قېيناننىڭ ياخشى نىيىتىنى قەستەن يامىنىغا بۇرايدىغان، بىر ئېغىز گەپتىن قالسىلا بولىدىغان ئىشلار، گەپلەرنى كوچىلاپ تەھلىل قىلىدىغان ئارتۇقچە گەدەنكەشلىكنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدە. توغرا، قېينانا ئائىلىدىكى ئۇششاق ئىشلارغا ئارىلاشمىسا بولاتتى، بىراق ئۇزۇن يىل «ئانا» بولغان «قېينانا» ئىش تەرتىپىنىڭ قالايمىقانلاشقانلىقىنى، چوڭ ئىشەنچ بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىشلارنىڭ دېگىنىدەك بولمايۋاتقانلىقىنى، بېمەكلىكلەرنىڭ ئىسراپ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسە ئۆز ئىدىيىسىنى قانداقمۇ ئاشكارىلىماي تۇرالىسۇن؟! يەنە بەزى كېلىنلەر ئانىڭ مېنى يامانىشتىپ ساڭا چېقىشتۇرۇۋاتىدۇ، مېنىڭ نىيىتىمدە ئەسلى ئۇنىڭدىنمۇ ئوبدان قىلىش ئويۇم بار ئىدى، ھەرقانچە قىلسامۇ بۇ ئائىلىگە ياخشى بولالمىغۇدەكمەن دەپ ئېرى بىلەن ئورۇنسىز تاكاللىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. «قېينانا»مۇ بەرتىبىر جۇپ ئەر- خوتۇنغا ئورتاق ئانا تۇرسا، كۆز ئالدىدىكى بالىلىرى ئوبدان يېسە، ئوبدان كىيسە، ئاشىق -مەشۇقتەك ياخشى ئۆتسە ئۆز ئوغلىغا كىچىككىنە ئىشلارنى قايتا تەگەرمۇ؟ تەگىدى دېگەندىمۇ ئۆز گېپىنىڭ «كېلىن» ئالدىدا ئاقمىغانلىقىنى، «كېلىن»نىڭ ئۆزىنى سورىمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان ئانا كىچىكىدىن باشلاپ ئۆستۈرۈشكە ئارتىپ چوڭ قىلغان ئوغلىغا دېمەي كىمگە دەيدۇ؟ شۇنداق دېيىشكە مەجبۇرلىغان زادى كىم؟ بۇ يەردىكى گەپ چۈشىنىش مەسىلىسى، كۆز قاراش مەسىلىسى، «كېلىن»لەرنىڭ «قېينانا»نى ئۆز ئانىسى ئورنىدا كۆرمەي، قىزغىن پاراڭلاشماي، ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولماي، ئۆزىگە گەپ كېلىشنىڭ ئالدىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئالماي، ئېرىنىڭ قاش- كۆزى بولسا بولدى دەيدىغان ئەقىلسىزلىق قارىشىدىن ئىبارەت. ئەر - خوتۇن بولغانلار بىر- بىرىنىڭ قاش- كۆزىگە قاراپلا ئولتۇرسا بەختلىك سانىلارمۇ؟

«كېلىن» تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىدىغان «ئانا»مۇ «قېينانا» بولغاندۇ ھەم «قېينانا» بولار. ئۇلار ئۆز قىزلىرىنىڭ ئامال بار بەختلىك ئائىلە قۇرۇشىنى ئويلايدۇ. لېكىن بەزى ئانىلارمۇ باركى قىزلىرى كۆتۈرۈپ بارغان تايىنى يوق گەپلەرگە ئىشىنىپ كېتىپ، قىزلىرىغا تەربىيە ئىشلىمەكتە يوق، بىز تېخى ھايات، بىز سېنى ئۇ خەقكە سېتىپ بەرمىگەن... دېگەندەك سەلبىي پىكىرلەرنى قىلىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ بەختلىك ئائىلىسىگە زىددىيەت ئۇرۇقىنى چاچىدىغان، قىزلىرىنى تېخىمۇ ئاتىكاچا قىلىپ قويىدىغان، يېڭى ئائىلىگە، قېينانىسىغا بولغان مايىللىقىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغان ئەھۋاللارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر تايىنى يوق گەپ- سۆزلەرگە ۋەزنى ئېغىر سۆزلەر بىلەن تەربىيە قىلىنسا، ئۇنداق گەپلەر ئىككىنچى تەكرارلىنارمۇ؟ يېڭى ئائىلىنىڭ «قېينانا»نىڭ ئارقىسىدىن خىزمەت ئورۇنلىرىغىچە سوكۇلداپ بارىدىغان يۈگۈرۈك سۆزلەر بىخسىپ قالارمۇ؟ بارلىق كېلىنلەر «قېينانا»سىنى ئۆز ئانىسىدەك كۆرسە، ھۆرمەتلىسە، ئېرىنىڭ چوڭ - كىچىك ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك كۆرسە ئۇلارنىڭ يۈرىكى بېرىلىپ كېتەرمۇ؟ ئېرى بولغان «قېينانا»نىڭ ئوغلىمۇ خىزمەت ۋە ئۆگىنىشلەردە يېڭى - يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتالماسمۇ؟ بارلىق «كېلىن» لەرگە شۇنى مۇراجىئەت قىلىمەنكى، بەختلىك ئائىلە قۇراي، قولۇمدىكى بەخت قۇشىنى قاچۇرۇۋەتمەي دېسەڭلار ئالدى بىلەن سىلەر بىلەن بىر ياستۇققا باش قويىدىغان ئەرنىڭ ئانىسى «قېينانا»لارنى، ئاشۇ ئەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ھۆرمەتلەڭلار، باشقىلارغا ئۇلارنىڭ، ئاشۇ ئائىلىنىڭ ئىچكى گەپلىرىنى ھەرگىز دېمەڭلار. بىلىشىڭلار كېرەككى، سىلەرمۇ ئاشۇ ئائىلىدە، سىلەر جاۋاب بېرىڭلارچۇ، سىلەرگە يارۇغدەك ئوغۇل بېقىپ چوڭ قىلغان «قېينانا» زادى ئەسكىمۇ؟!.... (04)

تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى
# گېزىتى
«شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

1997 - يىل
سېنتەبىر
(ئومۇمىي
104 - سان)

## ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇش يېشى

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى بالدۇرراق مەكتەپكە كىرگۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. يېشى كىچىك ئۆسمۈرلەر بالدۇر مەكتەپكە كىرسە زادى پايدا - زىيىنى قانچىلىك؟ بۇنى تۆۋەندىكى مەكتەپكە كىرىش يېشى توشمىغان ئۆسمۈرلەرنىڭ ئاتا- ئانىلارنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن كۆرۈپ باقايلى:

باللار دەرسكە ۋە تاپشۇرۇق ئىشلەشكە قىزىقامدۇ؟ قىزىقىدىغانلىرى % 18 نى، ئادەتتىكىچىلىرى % 65 نى، قىزىقمايدىغانلار % 17 نى ئىگىلەيدۇ.

سىنىپتا نەتىجىسى قانداق؟ % 3 تى ياخشى % 31 ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇراھال، % 56 ئوقۇغۇچىلار ناچار.

40 مىنۇتلۇق دەرسكە بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟ % 6 ئوقۇغۇچىلار بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، % 18 ئوقۇغۇچىلار چىشىنى چىشلەپ ئۆتكۈزىدۇ، % 76 ئوقۇغۇچىلار ھەر ھالدا يامان ئەمەس.

سىنىپتا يېشى ئەڭ كىچىك بولسا قانداق بولىدۇ؟ % 26 ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ. % 51 ئوقۇغۇچى زىيان تارتىدۇ. يەنە % 65 ئوقۇغۇچى ئۆزىنى مەجبۇرلاپ ئۆتكۈزىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ «ھالقىلىق پەيتى» ئىنسانلار بەدىنىدىكى ھەر خىل ئىقتىدارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇسسۇل ئويناشنى ئالتە - يەتتە ياشتا، رويال چېلىشنى تۆت ياشتا، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى ئۈچ - تۆت ياشتا ئۆگىنىش كېرەك. ئالتە ياشتىن بۇرۇن مەكتەپكە كىرگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆسۈپ - يېتىلمىگەن بولۇپ ئالتە ياشتىن كېيىن ئاندىن مەكتەپكە كىرىش كېرەك. (02)

(رەشىدە مامۇت . ت)



### گاز ئوچاقلارنى ...



1) گاز ئوچاق قويۇلغان ئۆي چوقۇم ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۆيدە گاز پۇراپ قالسا دەرھال ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك.

2) تاماق ئەتكەندە ۋە سۇ قايناتقاندا قازان، چۆگۈندىكى سۇنىڭ تېش[illegible] ئۆچۈرۈپ قويۇپ گاز چىقىپ كېتىشىدىن ھەر[illegible] كېرەك.

3) باللارغا گاز ئوچاقنىڭ ئاچقۇچىنى تې[illegible] ئوچاقتا يېقىن كېلىپ ئويناشلىق توغرىس[illegible] بىخەتەرلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

4) ھەر قاچان گازنىڭ خەۋپىدىن ساقلى[illegible] ئوچاق ۋە گاز تۇڭى ئەتراپىدا ئوڭاي ئوت ئال[illegible] بۇيۇملارنى قويماسلىق كېرەك.

5) گاز ئوچاقنى ئىشلىتىپ بولغاندا بول[illegible] بۇرۇن گاز ئوچاقنىڭ ۋىكلىيۇچاتېلىنى پىر[illegible] كۆرۈش، ھەر خىل يوشۇرۇن خەۋپنىڭ[illegible] كېرەك.

6) گاز تۇڭىنى تىك قويۇش ياتقۇزۇپ [illegible] قويماسلىق شۇنداقلا ئىسسىق يەرگە قويماسلى[illegible] تۇز قاتارلىق چىرىتكۈچلەرنىڭ تۆكۈلۈپ كېتى[illegible] لازىم.

7) گاز تۇڭىدا گاز ئاز قالغاندا، ئۇنى تولۇق[illegible] كۆزلەپ تۇڭنى ئوتتا قىزدۇرماسلىق ياكى [illegible] ئېچىپ ئىچىدىكى سۇيۇقلاندۇرۇلغان گا[illegible] كېرەك.

8) ئەگەر گاز ئوچىقىدىن ياكى تۇڭ[illegible] ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە دەرھال مۇناسىۋەتلىك [illegible] قىلدۇرۇش ياكى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇش كې[illegible]

(بۇرھا[illegible]

## شىنجاڭدىن تېپىلغان كان بايلىق خىللىرى

شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ قانچە خىل ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بولمىغاچقا 120 ـ 122 خىلغا يېتىدۇ، دەپ ئېيتىلىپ كېلىنگەن ئىدى. شىنجاڭ كان بايلىقلىرىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈشنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭى كان خىللىرى كەينى ـ كەينىدىن تېپىلدى. مەملىكەتلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسى بىلەن گېئولوگىيە كان مەھسۇلاتلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ كان خىللىرىنى ئاجرىتىشقا ئائىت بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن شىنجاڭ كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى 1995 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە بايقالغان كان خىللىرىنى ئىستاتىستىكىلاپ چىقتى.

ئىستاتىستىكا نەتىجىسىدىن قارىغاندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن تېپىلغان قېزىلما بايلىق 138 خىلغا يېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئېنېرگىيە كان بايلىقى بەش خىل، رادىئو ئاكتىپ كان بايلىقى ئىككى خىل؛ قارا رەڭلىك مېتال كان بايلىقى بەش خىل؛ رەڭلىك ئېسىل مېتال كان بايلىقى يەتتە خىل، ئاز ئۇچرايدىغان تارقاق ئېلېمېنت كان بايلىقى ئالتە خىل، يەر ئىشقارى ئېلېمېنت كان بايلىقى تۆت خىل؛ مېتاللورگىيە سانائىتىگە ياردەمچى نەشىيا قىلىنىدىغان كان بايلىقلىرى بەش خىل، خىمىيە ـ سانائەت كان بايلىقى 19 خىل؛ ئالاھىدە تۈردىكى مېتاللورگىيە كان بايلىقى ئۈچ خىل، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مېتاللوئىد كان بايلىقلىرى 54 خىل، جەۋاھىرات (ئېسىل تاشلار ـ قاشتېشى) كان بايلىقى ئۈچ خىل، يەر ئاستى سۈيى كان بايلىقى تۆت خىل ئىكەن.

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدىن تېپىلغان 167 خىل كان بايلىقلىرى ئىچىدە شىنجاڭدىن تېپىلغان بايلىق %80 تىن ئاشىدۇ. شىنجاڭدىن تېپىلغان 137 خىل كان بايلىقى ئىچىدە زاپىسى ئېنىقلانغىنى 117 خىلغا يېتىدۇ. (02)

(ب. ئازات.ت)



## DNA · بارماق ئىزى دېگەن نېمە؟

يېقىنقى يىللاردا، ۋيېتنام ئامېرىكىغا ۋيېتنام ئۇرۇشىدا قازا قىلغان ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ئورغۇن جەسەتلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن تاپشۇردى. ئارىدىن 20 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن، جەسەتلەر پۈتۈنلەي چىرىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكىنى قانداقمۇ بىلگىلى بولسۇن؟ يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كىم؟ مۇشۇ مەسىلەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ مىرلېند شتاتىدىكى ھەربىي ئىشلار پاتالوگىيىلىك جەريانىنى تەتقىق قىلىش ئورنىنىڭ ئىرسىيەت گېن مۇتەخەسسىسى بۇ جەسەتلەرنىڭ قالدۇقلىرىدىن DNA ئۆرنىكى ئېلىپ، ئۇنى ۋيېتنام ئۇرۇشىدا يوقاپ كەتكەن خادىملارنىڭ ئامېرىكىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ DNA بارماق ئىزى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، جەسەتلەرنىڭ سالاھىيىتىنى ئوخشۇلۇق ھالدا ئېنىقلاپ چىققان. ئۇنداقتا DNA بارماق ئىزى دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مەلۇم بىر ئادەمنى توغرا تونۇۋالغىلى بولىدۇ؟ ئەسلىدە DNA ئادەم تېنىنىڭ تېرىسى، گۆشى، ئۇستىخىنى، قېنى، ئىسپېرمىسى، چىچى قاتارلىق بارلىق ھۈجەيرىلىرىدە مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىرسىيەت ئۇچۇرى بار، كىچىككىنە ئىسپېرما ياكى تۇخۇم ئىچىدە 1000 DNA گېنى بولۇپ، ئادەمنىڭ چىراي ـ شەكلى، بوي ـ تۇرقى، تېرىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ گېن ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. DNA ئوخشاش بولمىغان تۆت خىل نۇكلېئوتىدتىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ خۇددى يەتتە خىل ئاۋازدىن بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ساناقسىز مۇزىكىلارنى يېزىپ چىققىلى بولغانغا ئوخشايدۇ. مۇشۇ تۆت خىل نۇكلېئوتىدتىن خىلمۇخىل تىزىپ قوراشتۇرغاندا، دۇنيادىكى نەچچە مىليارد نوپۇسنىڭ ئىچىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بىرمۇ ئادەم چىقمايدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ بارماق ئىزىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بولغىنىدەك ھەر بىر ئادەمنىڭ DNA بارماق ئىزىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ. (02)

(بۇرھانىددىن.ت)

# ئۇستاز ئەجرى ئۇنتۇلماس.

ئۇستازىم، قۇياشقا ئوخشايسەن ئەجەب،
قاراڭغۇ دىللارغا نۇرلار تاراتتىڭ.
ئانامدىن تۇغۇلغان بولسام مۇ لېكىن،
سەن مېنى دۇنياغا قايتا ياراتتىڭ.

— ئابابەكرى توختى

تەن تەربىيەڭ جابىلىغە جان بىلىملىك ئىلىم
قەلب قانى ئىچرە بىر گۆھەر جانغا ئۇ ئىلىم

* ئىنسان تۇغۇلۇشتىنلا ئەقىللىق،
بىلىملىك، پەم-پاراسەتلىك ئەمەس،
شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنياغا كۆز ئاچ-
قانلىكى ئادەم تەربىيىگە مۇھتاج.



بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى،
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن كەتمەسنىڭ بېسىلغان يولى.

مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرىدىن



# ئۇستاز سۆزى ھېكمەت جاھان ئۇرۇقى

(ھۆسن خەتلەرنى **ئابلىمت ئوسمان** يازغان)

# ئىسىل ئەسەرلەر جاپالىق ئەجىردىن كېلىدۇ

**— لېۋ. تولستوينىڭ تۇرغان جايىغا يەنە بىر قېتىم زىيارەت**

★ ئالىق جېنشۈ ★

ئەدەبىيات پېشۋاسى لېۋ. تولستوينىڭ تۇرغان جايىدا ئۇنىڭ ئۇرغۇتۇلغان ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى قويۇلغان بولۇپ، بۇ قول يازمىلار كۆپ تۈزىتىلىۋېرىپ ئالا-بۇلا بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ تۇرار جاينىڭ مەسئۇلى ۋىلادىمىر بىر ئىشكاپنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: «مانا بۇ ‹ ئاننا-كارىنىنا› رومانىنىڭ قول يازمىسى، ئايرىم باب-پاراگرافلارنىڭ قول يازما نۇسخىسى بار. ‹تىرىلىش› رومانىنىڭ 20 خىل ئۇخشىمىغان باشلىنىشى بار...» بۇ ئۇلۇغ دۇنيا ئەدەبىيات پېشۋاسىنىڭ بۇ خىل ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىجادىيەت پوزىتسىيىسى ئېكسكۇرسىيىچىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مانا مۇشۇ ئەسنادا مەن ئىختىيارسىز هالدا لېۋ. تولستوينىڭ «تالانتنىڭ ئوندىن بىرى ئىلهام، قالغان توققۇزى قان-تەردىن ئىبارەت» دېگەن مەشهۇر سۆزىنى ئەسلىمەي تۇرالمىدىم. بۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆز تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى ئىدى. لېۋ. تولستوي دۇنيا بىردەك ئېتىراپ قىلغان «تالانتلىق سەنئەتكار»، هالبۇكى، تونۇشتۇرۇشلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ كىچىك ۋاقتىدىمۇ ئانچە ئەقىللىق بالا ئەمەسكەن. ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىهان بەرگەن چاغدا، لاتىنچە تىلدىن ئىككى نومۇر، تارىخ، ئىستاتىستىكا ئىلمى، جۇغراپىيىدىن پەقەت بىردىنلا نومۇر ئالغان. نەتىجىدە ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنمىغان. كېيىن تولۇقلاپ ئىمتىهان بېرىش نەتىجىسىدە تەستە قوبۇل قىلىنغان. ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئوقۇش نەتىجىسى دېگەندەك ياخشى بولمىغان. شۇڭا، ئۇ، ئوقۇش پۈتتۈرمەيلا مەكتەپتىن چېكىنىپ كەتكەن.

لېۋ. تولستوينىڭ بىلىمىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزلۈكىدىن جاپالىق ئۆگىنىش ئارقىلىق كەلگەن. ئۇ، مەكتەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن ئۇ بىر زور كۆلەملىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. پىلاندا، فرانسۇزچە، نېمىسچە، ئىنگلىزچە قاتارلىق ئون نەچچە خىل چەت ئەل تىلىنى پىششىق ئىگىلەش: تارىخ،



جۇغراپىيە، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىش، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن يېزا ئىگىلىكىنى ئوبدان بىلىش، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان دوختۇرلۇق ئىلمىنى ئۆگىنىۋېلىش قاتارلىقلار، مانا مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە زور مىقداردىكى دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىققان. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىغا پۇختا ئاساس سالغان.

لېۋ. تولستوي ئۈچ يىل ئەسكەر بولۇپ، كاۋكاز ئۇرۇشلىرى ۋە شىۋاستىپولنى قوغداش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ توپچىلار قىسمىنىڭ قەھرىمانى بولغان. بىر قېتىم بىر زەمبىرەك ئوقى ئۇنىڭ قېشىدىلا پارتلاپ، ئۆلگىلى تاس قالغان. گەرچە ئۇرۇش ئىشلىرى ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇرغان شۇنداق جىددىي جەڭلەردىمۇ ئۇ جەڭ ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ كىتاب ئوقۇغان ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. «باللىق»، «ئۆسمۈرلۈك» رومانلىرىنى دەل مۇشۇ چاغلاردا يېزىپ چىققان، ھەربىي سەپتىكى تۇرمۇشمۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئۇرۇش مەيدانلىرى ۋە جەڭچىلەرنىڭ روھى ھالەتلىرىنى يېزىپ چىقىشىدا ئۇنى ئوبدان خام ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن.

لېۋ. تولستوينىڭ دۇنيا قارىشى ئۆزگەرگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى «تىرىك تاپلار» قاتارىغا قوشۇپ قويغان. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەددىدىن ئارتۇق تەلەپ قويۇۋەتكەنلىكى بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىيات پېشۋاسى لېۋ. تولستوي بەكمۇ ئىشچان، تىرىشچان، ئەقلىي ئەمگەكچى. ئۇ بارلىق جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ھەقىقەت ئىزدەپ ۋەتەننى، خەلقنى قۇتقۇزۇش يولىدا قاتتىق باش قاتتۇرغان. ئۇنىڭ ئايالى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: لېۋ. تولستوي دائىما كېچىلەپ كىرپىك قاقماي بېشى ئاغرىپ، ھالى قالمىغىچە كىتاب كۆرەتتى ۋە پىكىر قىلاتتى.

«ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» لېۋ. تولستوينىڭ داڭقىنى چىقارغان ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى، پېرسوناژلارنىڭ كۆپلۈكى، كۆرۈنۈشلەرنىڭ كۆركەملىكى، ۋەقەلەرنىڭ كۆپ ۋە مۇرەككەپلىكى، باش تېمىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن يازغۇچى ئالتە يىل ئىنتايىن جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلغان. ئۇ زور مىقداردىكى تارىخىي ماتېرىياللار، ئارخىپ ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، روسىيە، ۋە چەت ئەللەرنىڭ 1812 ـ يىللىرىدىكى روسىيە، فرانسىيە ئۇرۇش ھەققىدىكى كىتابلىرىنى شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ يازغان ئەسلىمىلىرىدىن ۋە خەت-چەكلىرىنى كۆرۈپ چىققان. ئۇرۇش مەيدانلىرىنى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇ، ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنى ۋە ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى زىيارەت قىلغان ھەمدە شەخسەن ئۆزى بىۋاستە روسىيە، فرانسىيە بىرلەشمە جېڭى بولغان بورودىنوغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

«تىرىلىش» رومانى ـ بىر رەھىمسىز كىتاب دەپ نام ئالغان. بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن لېۋ. تولستوي سودىيەلەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش تەرتىپلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىپ، سوت مەھكىمىلىرى، تۈرمىلەرنى زىيارەت قىلغان، تۈرمە باشلىقلىرى ۋە گۇندىپايلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغان، مەھبۇسلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن. ئۇ يەنە گۇندىپايلارنىڭ ئۆيلىرىگىچە بېرىپ زىيارەت قىلغان. بولۇپمۇ تۈرمىدە سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ جىنايى ئىشلار مەھبۇسلىرى بىلەن ئۇچرىشالايدىغان - ئۇچرىشالمايدىغانلىقىنى سورىغان. گۇندىپايلار: بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.

كېيىن ئۇ ئايال باش قەھرىمان كاچوشىيانىڭ تۇرمىدە سىياسىي مەھبۇسلار بىلەن تونۇشقانلىقىنى، سۈرگۈن يولىدا تونۇشقان قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

لېۋ. تولستوي دەسلەپكى ئورىگىنالىنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن دائىم ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن باشقىلارغا ئوقۇپ بېرەتتى ياكى دوستلىرىغا ئەۋەتىپ پىكىر ئالاتتى. يازغۇچى چىخوپ «تىرىلىش» نىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، كاچۇشىياغا زەھەر تاشلىغان گۇناھى ئۈچۈن ئىككى يېرىم يىللىق سۈرگۈن جازاسى ھۆكۈم قىلىش توغرا بولماپتۇ، دېگەن. ئۇ ساخالىن ئاراللىرىغا بارغان. ئۇ يەردىكى ئايال مەھبۇسلارنىڭ كۆپ قىسمى زەھەر تاشلىغانلىقى ئۈچۈن جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ جازا ئۆتەش مۇددىتى بۇنىڭدىن خېلى ئۇزۇن بولغان. ئەدەبىيات پېشۋاسى لېۋ. تولستوي بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىپ كاچۇشىيانىڭ جازا ئۆتەش مۇددىتىنى ئۇزۇن قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

لېۋ. تولستوي مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «يېزىقچىلىقتا تۈزىتىش كېرەك ئەمەس دەيدىغان ئاشۇ خىل ئوي-خىياللارنى مەڭگۈ تاشلىۋېتىش كېرەك. ئۈچ-تۆت قېتىم تۈزىتىش كۇپايە قىلمايدۇ، بىر پارچە ئەسەرنى ئون قېتىملاپ، يىگىرمە قېتىملاپ تۈزىتىش كېرەك». رومان يازغاندىمۇ شۇنداق، باشقا ئەسەرلەرنى يازغاندىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك. ئەدەبىيات پېشۋاسى لېۋ. تولستوي خەلقنى تەربىيلەشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ بىر يىلدىن ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىنتايىن زور قىزغىنلىق بىلەن بىر يۈرۈش «ئاقارتىش ئوقۇشلۇقى» نى تۈزۈپ يېزىپ چىققان. لېكىن بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكلەر مەيدانغا چىققاندىن كېيىن دەسلەپتە ئىنكاس ئانچە ياخشى بولمىغان. كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن، ئۇ ئۇدا ئۈچ يىل تۈزىتىپ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. يازغۇچى ھايات ۋاقتىدا بۇ بىر يۈرۈش كىتابلار 30 نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان.

لېۋ. تولستوي بىر ئۇلۇغ تىل ئۇستىسى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىشلەتكەن ئاتالغۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ئىنچىكىلەپ دەڭسەپ كۆرگەن. ئۇ تىلنىڭ يارقىن، روشەن، توغرا بولۇشىنى، بولۇپمۇ ئاددىي-ساددا بولۇشقا بەكمۇ ئېتىبار بىلەن قارىغان. ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ، «ئەگەر مەن چار پادىشاھى بولۇپ قالغان بولسام، شۇنداق بىر قانۇن ئېلان قىلغان بولاتتىمكى: يازغۇچىلار ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىش ھەتتا ئۆزلىرىمۇ مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغان ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەنلەرنىڭ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلىغان ھەمدە ئۇلارنى يۈز دەررە ئۇرغۇزغان بولاتتىم» دېگەن. لېۋ. تولستوي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك دائىم كىچىككىنە خاتىرە دەپتىرىنى يېنىدىن ئايرىماي خەلقنىڭ جانلىق تىلىدىن خاتىرە قالدۇرۇپ بارغان. شۇنداق قىلىپ ئاي، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن توپلىنىۋېرىپ، تاما-تاما كۆل بولغان.

ئەدەبىيات پېشۋاسى لېۋ. تولستوينىڭ تۇرغان جايىدىن چىققاندا مەن مۇنداق بىر قائىدىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم: بىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى تەبىئىي، لېكىن بىر ئادەمنىڭ نەتىجە قازىنىشى ياكى نەتىجىنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشىنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا جاپا-مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتە ئىكەن. لېۋ. تولستوينىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرى «دۇنياغا مەشھۇر ئەسەرلەر» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. لېكىن ئۇلۇغ ئەدەبىيات پېشۋاسى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپلا، ئاتالغۇلارنى توپلاشنى باشلىۋەتكەن. قارىغاندا، ئېسىل ئەسەرلەرنى مەيدانغا چىقىرىش يەنىلا جاپالىق ئەجىردىن كېلىدىكەن. (04)

(«خەلق گېزىتى» نىڭ 1997-يىل 6-ئاي 27-كۈنىدىكى سانىدىن ئابلىز ئىبراھىم. ت)

## يېڭى ئۇقۇم ئىجاد قىلىش

ئەدەبىيات دەرسىدە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا «بايقاش» بىلەن «ئىجاد قىلىش»نىڭ پەرقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

ـ بايقاش ئەزەلدىن بار بولغان، كېيىن تېپىلغان، بىلمەسلىكتىن بىلىشكىچە بولغان بىر جەريان، ئىجاد قىلىش ـ ئەسلىدە يوق بولغان، كېيىن ئىجاد قىلىش ئارقىلىق يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن جەرياننى كۆرسىتىدۇ. دەرسنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بۇ ئىككى سۆزگە جۈملە تۈزۈشنى ئېيتتى.

بۇ ۋاقىتتا بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ـ دادام ئاپامنى بايقىدى، كېيىن دادام بىلەن ئاپام مېنى ئىجاد قىلدى.

## كۈلكە دۇنياسى

### ئوت سىگنالى

بىر ئايال ئالدىراپ تېلېفون بەردى:

ـ ۋەي! سىز 119مۇ؟

ـياق، مەن 118ـ، جاۋاب بەردى قارشى تەرەپ.

ئايال: ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، قوشنىڭىزغا دەپ قويغان بولسىڭىز، تېز كېلىپ ئۆيۈمدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈۋالغان بولسا.

### ئىككىنچى قېتىم دېمەسلىك

ئا: بايا نېمە دېدىڭ؟

ب: مەن گەپنى ئەزەلدىن ئىككى قېتىم دېمەيمەن.

ئا: نېمە؟

ب: مەن گەپنى ئەزەلدىن ئىككى قېتىم دېمەيمەن.

### تەسرات

ئا: تەسراتىڭغا ئاساسلانغاندا، تاماكا چەككەندە قايسى ئەزايىڭغا تەسىرى ئەڭ چوڭ بولدى؟

ب: قولىقىمغا.

ئا: نېمە ئۈچۈن؟

ب: چۈنكى تاماكا چېكىشىم بىلەنلا ئايالىم قولىقىمنى تۇتۇپ كوتۇلداشقا باشلايدۇ.

### تراگېدىيە

ئوقۇتقۇچى: مەن سىلەرنى كۆرۈشكە كۆرسەتكەن دراما قانداقكەن؟ ئۇ بىر كومېدىيىلىك دراما بولۇپ، بەك قىزىقارلىق شۇنداقمۇ؟

ئوقۇغۇچى: ئۇ كومېدىيىلىك ئەمەس، بەلكى تراگېدىيىلىككەن.

ئوقۇتقۇچى: قانداقىسىگە؟

ئوقۇغۇچى: پۈتۈن تىياتىرخانىدا ئاران 16 نەپەر تاماشىبىن بار تۇرسا، ئەجەبا بۇ تراگېدىيە ئەمەسمۇ؟

## كۈلكە دۇنياسى

### سېمىز چوشقا

كىچىك قاۋاقخانىدا ئولتۇرغان بىر مەست بىر ئادەمنىڭ قولتۇقىغا بىر ئۆردەكنى قىستۇرۇۋالغىنىچە قاۋاقخانىغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

ـ سەن ئاشۇ سېمىز چوشقا بىلەن بىرگە ئىشلەمسەن؟

ـ بۇ چوشقا ئەمەس، ئۆردەك ـ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئادەم.

مەست دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دەپتۇ:

ـ مەن ئۆردەككە گەپ قىلىۋاتىمەن.

### تېپىلغۇسىز تېلېفون

ـ زوڭتوڭ ماڭا تېلېفون بەردى.

ـ تېپىلغۇسىز ئىش بوپتۇ، ئۇ ساڭا نېمە دېدى؟

ئۇ ماڭا پەقەت بىر ئېغىزلا گەپ قىلدى، يەنى: خاتا ئۇرۇپ قويۇپسىز، ـ دېدى. ئەخمەت نىياز (ت)

## جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا

جىم بىلەن يوھان جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

جىم: سەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

يوھان: مەن توڭلاپ ئۆلگەن. سەنچۇ؟

جىم: مەن ئايالىمنىڭ بەزى ناشايان ئىشلىرىنى سېزىپ قالدىم ـ دە، ئايالىمنى ئازدۇرغان ئاشۇ ئەبلەخنى تۇتۇۋېلىش نىيىتىدە ئۆيگە بۇرۇنراق قايتقان ئىدىم. بىراق ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپمۇ ئۇ ئەبلەخنى تاپالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئايالىمنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئويلاۋېرىپ يۈرەك كېسىلىم قوزغىلىپ قالدى ـ دە، ئۆلۈپ قالدىم.

## كۈلكە دۇنياسى

يوھان: ساڭا بەك ئۇۋال بوپتۇ، ئەگەر سەن توڭلاتقۇنى ئاختۇرغان بولساڭ، ھەر ئىككىمىز ئۆلمىگەن بولاتتۇق.

## خوراز نېمە ئۈچۈن چىللايدۇ؟

ئوغلى: دادا، خوراز نېمە ئۈچۈن چىللايدۇ؟

دادىسى: بۇنى قانداق چۈشەندۈرسەڭ بولار؟ ئېھتىمال بىرەر ئادەم يالغان سۆزلەۋاتقان بولسا، خوراز چىللاپ كىشىلەرگە ئالدانماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرسە كېرەك.

ئوغلى: خوراز دېگەن سائەت تۆتتە، كىشىلەر ئۇخلاپ ياتقاندا چىللايدىغۇ؟

دادىسى: چۈنكى سائەت تۆتتە كېزىتخانا گېزىت باسىدۇ.

## قىزنىڭ كۆڭلى

ئانىسى: ئاچچىقىڭىزدىن يېنىپ قالدىڭىزمۇ قىزىم؟ ئۆيىڭىزگە قايتىپ ئېرىم بىلەن يارىشىپ قالاي دەۋاتامسىز؟

قىزى: تېخى ئاچچىقىمدىن يانمىدىم. لېكىن ئۆيىمگە قايتىمەن. چۈنكى مەن ئۇنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويالمايمەن، ـ دە.

## دوختۇرنىڭ ئىجازىتى

خوتۇنى: مەن قانداق قىلىشنى زادىلا بىلمەيۋاتىمەن، بىر دوختۇر ماڭا كۆپرەك پىيادە يول مېڭىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى، يەنە بىر دوختۇر مېنى ساناتورىيىگە بېرىڭ دېدى، قېنى ئېيتىڭا مەن قانداق قىلسام بولار؟

ئېرى: ئۇنداقتا سىز ساناتورىيىگە پىيادە يول مېڭىپ بېرىڭ.

## كۈلكە دۇنياسى

## ئالاھىدە مۇسابىقە

چېلىشىش تەنھەرىكەتچىسى ئۆيدە خوتۇنى بىلەن مۇشتلىشىپ قالدى، بالىسى ئۇلارنى ھەر قانداق قىلىپمۇ ئاجرىتالمىدى. ئۇ بىر ئەقىل تاپتى ـ دە، پۇشتەك چېلىشقا باشلىدى.

چېلىشچى ئېرى دەرھال قولىنى تارتتى ـ دە، ئوغلىغا قاراپ سورىدى:

ـ قايسىمىز قائىدىگە خىلاپلىق قىلدۇق؟

ـ مۇسابىقە ئاخىرلاشتى، ـ دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى ئوغلى.

ـ بولمايدۇ، ـ دەپ ۋارقىرىدى چېلىشچىنىڭ ئايالىمۇ ـ تېخى يېڭىش ـ يېڭىلىش ئايرىلمىدى، مۇسابىقە ۋاقتىنى بىر ئاز ئۇزارتىپ بەر. (08)



# كىرپىك چۈشۈپ كەتسە...

كىرپىك كۆز ئاسرىغۇچ «جەگچى» بولۇپلا قالماستىن يەنە كۆزنى زىننەتلىگۈچى بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئاياللار كىرپىكى چۈشۈپ كەتسە قايتىدىن چىقماسلىقىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، كىرپىك چاچقا ئوخشاش ئۆسۈش جەريانىدا، نۆۋەت بىلەن چۈشىدۇ، نورمال كىرپىك ئاستى- ئۈستى قاپاقتا ئىككى - ئۈچ قاتار ئۆسكەن بولىدۇ. ئۈستۈنكى كىرپىك ئاستىنقى كىرپىكتىن ئۇزۇن ھەم سىرتقا قارىتا ئېگىلگەن بولۇپ ئوتتۇرىسى ئۇزۇن، ئىككى يان تەرىپى قىسقا بولىدۇ. ئاستىنقى كىرپىك شالاڭراق ھەم سىرتقا قارىتا ئېگىلگەن بولىدۇ. شۇڭا كۆز يۇمغاندا كىرپىكلەر بىر- بىرى بىلەن گىرەلىشىپ قالمايدۇ. كىچىك بالىلارنىڭ كىرپىكى ھەم ئۇزۇن ھەم ئېگىلىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. ئادەتتە كىرپىك رەڭگى چاچ رەڭگىدىن قارىراق بولۇپ، ئادەم قېرىغاندىمۇ كىرپىكنىڭ رەڭگى ئاق رەڭگە ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، ھەر بىر كىرپىكنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئۈچ - بەش ئايغىچە بولىدۇ. چۈشۈپ كەتسە قايتا ئۆسۈشتەك ئۆسۈش قانۇنىيىتى بويىچە يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، تېرىغۇچ بىلەن قىسىپ ئېلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ يەنە قايتىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ.

كىرپىكنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى ياش چەكلىمىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ كىرپىك چۈشۈپ كەتسە، بىر ھەپتە ئىچىدىلا يەنە يېڭى كىرپىك ئۆسۈپ چىقىدۇ، 10 ھەپتىدىن كېيىن ئەڭ ئۇزۇن ھالەتكە يېتىدۇ.

يارىلىق قاپاق ياللۇغىغا ئوخشاش بەزى كۆز كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغۇچىلاردا، كىرپىك رەتسىز بولۇش ياكى كىرپىك يىلتىزى زەخىملىنىپ، كىرپىك قايتا چىقماسلىقتەك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ ئادەتتە مېدىتسىنادا «كىرپىك تۆكۈلۈپ كېتىش كېسىلى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا، كۆز قوغدىغۇچىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن باشقا يەنە گۈزەللىكنى يوقىتىپ قويىدۇ. تراخوما كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغاندا كىرپىك يىلتىزى زەخىملىنىدۇ ياكى قاپاق ئۆرۈلۈپ قېلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. قاپاق تاختىسىنىڭ ئۆرۈلۈپ قېلىشى تەتۈر كىرپىكنىڭ ئۆسۈپ چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەتۈر كىرپىك مۈگگۈز پەردىسىنى زەخىملەندۈرۈپ كۆزنىڭ ياللۇغلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، كۆرۈش قۇۋۋىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. شۇڭا قاپاق ئەتراپىدا كېسەللىك ئالامەتلىرى سېزىلگەندە دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىش زۆرۈر. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆزنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان گىرىم بۇيۇملىرىنى مەسلەن: لاك، كىرپىك قايرىغۇچ، كۆز سىزىقى قەلىمى، كۆز سىزىقى سۇيۇقلۇقى سېتىۋېلىشتا، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى، رولىغا سەل قاراش، باھا قوغلىشىپ، بىر تەرەپ قىلىنغان، سۈپىتى ئۆزگەرگەن ناچار گىرىم بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ ئىشلىتىشكە ئوخشاش گىرىم قىلىشتىكى خاتا ئۇسۇللارمۇ كىرپىكنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (05)

(ئەدىبە ئابلەت. ت)

(«سالامەتلىك گېزىتى»دىن ئېلىندى



# ئۇنىڭ يەنە قانداق كارامەتلىرى باركىن؟

★ تۇغلۇق دەۋران ★

ئو يۇنلىرى ئاززاقلا دېتىغا ياقماي قالسا سەھنىگە شاپاق ئاتىدىغان كەپسىز تاماشىبىنلار يەكەننىڭ ئارتىسلىرىنى كۆرگەن ھامانلا قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك جىمىپلا قالىدۇ ياكى ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك تىقىلىپ كۈلۈشكەن ھالدا سەھنىگە ئاتقىلى تېرىپ كەلگەن شاپاقلىرىغا ئۆزلىرى تېيىلىپ يىقىلىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالىدۇ.

مانا، 1996 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى» پائالىيىتىدە يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت سېپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. بۇ نەتىجىنى ئۇلار ئۈچۈن چوڭ بېگىلىق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى بۇئۆمەك يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئىزچىل تۆردە «ئىلغار ئۆمەك» بولۇپ كەلدى. ئەگەر سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلسىڭىز، بۇ ئۆمەكنىڭ نەتىجىلىرى دۆلەتلىك 2- دەرىجىلىك ئۇسسۇل رېژىسسورى، كۆپكە ماھىر ئىقتىدارلىق ياش ئەنۋەر تۇردىنىڭ جاپالىق ئەجرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئاسانلا بايقىۋالىسىز.

ئەنۋەر تۇردى 1964- يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ كاچۇڭ يېزىسىدا تۇغۇلغان. تەقدىرنىڭ ئەنۋەرگە ئاتىغان ئامىتىنى ئۇنىڭ باشقا بىر يەردە ئەمەس، دەل كاچۇڭدا تۇغۇلغانلىقى بىلەن باشلانغان دېسەك خاتالاشمايمىز. چۈنكى، كاچۇڭ خەلقىمىزنىڭ سەنئەت جۇلاسىغا تويۇنغان ئەنئەنىۋى تاغ مەدەنىيىتىنى تا ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەزىمەت دىيار. ئەنۋەر كىچىكىدە ئەنە شۇنداق مەدەنىيەت مۇھىتىدا كۆن ئاتىلىماي ئۆيمۇ ئۆي كۆچۈپ بارىدىغان تاغ مەشرەپلىرىدە قوللىرى قاپارمىغىچە توختىمايدىغان داپەندىلەر بىلەن بەسلىشىپ ئۇسۇل ئويناپ چوڭ بولغان.

ئۇ 1978- يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا سابىق شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئۇسسۇل سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى. 1981 - يىلى ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇ كۆپ ساندىكى ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاش تۆمۈر تاۋاققا ئېرىشىپلا بولدى قىلمىدى، ئەكسىچە، توختاۋسىز ئىزدىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا رەسمىي ھالدا سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى باشلىۋەتتى. 1986 -، 1987 - ۋە 1989- يىللىرى ئارقا-ئارقىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان ئۇسسۇل

رېژىسسورلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ بىلىم قۇرۇلمىسىنى توختاۋسىز تاكامۇللاشتۇردى. ئۇ 1986 - يىلدىن باشلاپ تا هازىرغىچە 60 پارچىگە يېقىن ئۇسسۇل ئەسىرى، 10 دىن ئارتۇق كۇلدۇرگە ۋە ئېپىزوت ئىجاد قىلىپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن «مۇقام يۇرتىدا نورۇز كۇلكىسى» ناملىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىمىگە ئۇسسۇل يېتەكچىسى بولدى. 1989- يىلى ئۇ كەسپكە مەسئۇل ئۆمەك باشلىقى بولغاندىن تارتىپ بۇ ئۆمەك ئىزچىل تۇردە مۇكاپاتلىنىپ كەلدى. شۇندىن بۇيان بۇ ئۆمەك قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرى كۆرىكىدە ئىزچىل هالدا «ئىلغار ئورۇن» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ ئۆزى ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 20 نەچچە قېتىم 1-، 2-، 3- دەرىجىلىك ئىجادىيەتچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى. ئەنۋەر رېژىسسورلۇق قىلغان كوللېكتىپ ئۇسسۇل - «مۇقام يۇرتىدا شادلىق» 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بەش تۇرلۇك ئۆلچەم بويىچە تۆت تۇردە «مۇنەۋۋەر ئەسەر» بولۇپ باهالاندى. 1993- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2- نۆۋەتلىك ئۇسسۇل ۋە 1- نۆۋەتلىك ئەلنەغمە كۆرىكىدە ئەنۋەر يازغان كۇلدۇرگە «ئازابتىن كېيىنكى ئەقىل» 3- دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل «شېرىن مۇهەببەت» ۋە «تاغلىقلار» 2- دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1995- يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە ئۇ ئىشلىگەن يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «سىرلىق تۇمان» 1- دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل «پاھ، سېنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىڭ» 2- دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا،كوللېكتىپ ئۇسسۇل «يەكەن سەنىمى» 3- دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 1996- يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «مەدەنىيەت كارىدورى» پائالىيىتىدە ئۇ ئۇسسۇللۇق ئوپېرا «مۇقام يۇرتىدا شادلىق»نى مەيدان ئۇسسۇلى قىلىپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باهاسىغا ئېرىشتى. بۇ يىل 7- ئايدا بۇ ئۆمەك مەملىكەت بويىچە «ئۇلانوچۇرچە 10 مۇنەۋۋەر سەنئەت ئۆمىكى»نىڭ بىرى (شىنجاڭدىن يەقەت بىر) بولۇپ پايتەخت بېيجىڭدا داغدۇغىلىق مۇكاپاتلاندى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇنىڭ يۇقىرىقى نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باها بېرىپ «سەنئەت ئالبومى» پروگراممىسىدا ئۇنى شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىگە مەخسۇس تونۇشتۇردى.

ئەنۋەر تۇردى كۆپ قىرلىق باشقۇرۇش سەنئىتىنى ئىشقا سېلىپ ئۆمەكنى جانلىق، ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بىرگە ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس مېتود ياراتتى. ئۆز ئىجادىيىتىدە خەلق سەنئىتىدىن ئۆرنەك ئېلىشقا، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى تاغ مەدەنىيىتىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى زامانىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى فورمىسىغا ئەپچىللىك بىلەن سىڭدۈرۈشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇسسۇلنى «سۆزلىتىشكە»، ئۇسسۇل تىلى ئارقىلىق مۇئەييەن بىر سەنئەتلىك مەزمۇنى ئىپادىلەشكە تىرىشتى. شۇڭا ئۇ ئىشلىگەن ئۇسسۇللاردىن تاماشىبىنلار ئالدىراپ زېرىكىش ۋە بىمەنىلىك هېس قىلمايدۇ.

ئەنۋەر تۇردى يۇقىرىقى نەتىجىلىرى بىلەن 1996- يىلى يەكەن ناهىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن ئون مۇنەۋۋەر ياشنىڭ بىرى بولۇپ باهالاندى. قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە «ئون مۇنەۋۋەر ياش»نى باهالاش پائالىيىتىدە 30 نامزاتنىڭ بىرى بولۇپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ هازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ هەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم ايونلۇق 12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى، يەكەن ناهىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي هەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 5- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى.

ئۆز هاياتىدا ئاز بولمىغان ئۇتۇقلارنى قازانغان ئەنۋەر تۇردى بۇ يىل ئاران 33 ياشقا كىردى. قېنى، بۇ يىگىتنىڭ ئالدىمىزدا كۆرسىتىدىغان يەنە قانداق كارامەتلىرى باركىن؟ (06)

(جۇرى قادىر فوتوسى)

# فېڭخۇالڭ تېغىدا يۈز بەرگەن

## ئۇچار تەخسە دېلوسى

فېڭخۇالڭ تېغىدا يۈز بەرگەن ئۇچار تەخسە دېلوسى مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن UFO بىلەن يېقىن ئارىلىقتا ئۇچرىشىش دېلوسى بولۇپ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان دېلو ھېسابلىنىدۇ.

فېڭخۇالڭ تېغى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى ۋەندا تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1633 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىكى قىزىل بايراق ئورمانچىلىق مەيدانىدا 1361 نەپەر نوپۇس بار. بۇ دېلونىڭ گۇۋاھچىسى بولغان مېڭلىيۇ دەل مۇشۇ يەردە ئولتۇرىدۇ.

1994 - يىل 6 - ئاينىڭ 6- كۈنى، مېڭ لىيۇ تۇغقىنى لى خۇگلىن بىلەن تاغ نوقۇتى يىغىش ئۈچۈن تاغقا چىقماقچى بولىدۇ. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن مېڭ لىيۇ فېڭخۇالڭ تېغىنىڭ چوققىسىدا بىر پارچە كۈمۈش رەڭلىك نۇرنى كۆرىدۇ. ئۇ نۇر ئەينەكتىن قايتقان نۇرغا ئوخشايتتى. ئۇ بىرەرسى سۇلياۋ يوپۇقنى تاغ چوققىسىغا يېپىپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەتىسى ئۇلار بىر تەرەپتىن ياۋا نوقۇت يىغىپ يەنە بىر تەرەپتىن فېڭخۇالڭ تېغىغا يامىشىدۇ. سائەت 11 دىن ئاشقاندا ئۇلار تۇنۇگۇنكىدىن سەل قىيپاشراق نۇقتىدا ھېلىقى نەرسىنى كۆرىدۇ.

200 مېتىر ئارىلىق قالغاندا مېڭ لىيۇ لىخۇگلىننى قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزى يالغۇز ئاستا ئۇ نەرسىگە يېقىنلىشىدۇ. شۇ چاغدا تاغ چوققىسىدا ھېچقانداق تۇمان يوق ئىدى. مېڭ لىيۇ بۇ غەلىتە نەرسىنى ھەقىقىي كۆرىدۇ. مېڭ لىيۇ يېقىنلاشقانسېرى ئۇ نەرسە قاتتىق چىرقىراپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى مىلىن - 821 تىپلىق چىغىرىقنىڭ كانىيىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى. مېڭ لىيۇ ئۇ نەرسىگە يېقىنلاشقانسېرى ھېلىقى غەلىتە نەرسە توختىماي غەيرىي ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئارقىدىنلا «شار - شۇر» قىلغان سۇنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. بىراق يېقىن ئەتراپتا ھېچقانداق سۇ مەنبەسى يوق ئىدى.



كېيىن پۈتۈن ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلايدۇ. مېڭ لىيۇ سائەت تاقىغان بېغىشىنىڭ، بەل ۋە مەيدىسىنىڭ توك سوقۇۋەتكەندەك ئاغرىپ ئۆزىنىڭ ناھايىتى بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

6- ئاينىڭ 9 - كۈنى مېڭ لىيۇ بۇيرۇققا بىنائەن 30 نەچچە ئادەمنى باشلاپ تەكشۈرۈشكە بارىدۇ. ئۇلار يەتتە ھەسسىلىك دۇربۇن، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇلارنى ئېلىۋالىدۇ. بىرەيلەن دۇربۇننى مېڭ لىيۇغا بېرىپ ئۇنىڭ كۆرۈپ بېقىشىنى ئېيتىدۇ.

مېڭ لىيۇ شۇ كۈندىكى ئىشنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: مەن دۇربۇننى ئېلىپ ھېلىقى نەرسىنى كۆردۈم، ئۇ «غەلىتە نەرسە» نىڭ ئالدىدا پۈتۈنلەي قارا كىيىم كىيگەن «ئادەم» تۇراتتى. «ئۇ» قولىنى كۆتۈرۈپ

بارماقلىرى ئارىسىدىن نۇر چىقىرىپ پېشانەمگە قاراتتى. ئۇ نۇر ئېلېكتىر سوۋۇركا نۇرىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. مەن «ۋايجان!» دەپلا يىقىلدىم. بىراق مېنىڭ ئەس - يادىم جايىدا ئىدى. مەن زۇكام بولغاندەك ھېس قىلدىم.

كۆپچىلىك مېنى كۆتۈرۈپ تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى. مەن تۇيۇقسىز سىرغىدىن يىقىلىپ كەتتىم. پۈتۈن بەدىنىم بىئارام بولۇپ كەتتى.

گەرچە مېك ليۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئېنىق سۆزلەپ بېرەلىگەن بولسىمۇ، بىراق شۇ ۋاقىتتا نەق مەيداندا بار كىشىلەر «مېك ليۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ئەس - ھوشىنى يوقاتتى» دېيىشكەن. شۇ ۋاقىتتا دوختۇرخانىدا بىرسى مېك ليۇغا قەغەز قەلەم بەرگەندە ئۇ قەغەز ئۈستىگە ACKUFO دېگەن ھەرپلەرنى يازغان. بۇندىن بۇرۇن مېك ليۇ بۇنداق ھەرپلەرنى يېزىشنى پەقەت بىلمەيدىكەن. مېك ليۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ھەرپلەرنى ھېلىقى «تاشقى پلانېت» ئادىمى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ يازغۇزغان ئىكەن. مېك ليۇ يەنە مۇنداق دېگەن. مەن بۇ پارقىراق نۇرلار ئارىسىدا تېخىمۇ روشەنرەك بىر نۇرنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئەتراپىدا چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان باشقا غەلىتە جىسىملار بار ئىدى.

مېك ليۇ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ بۇ كۆرگەنلىرىمنىڭ ھېچقانداق يالغان يېرى يوق. مەن پۇل ئۈچۈن ياكى باشقا نەرسە ئۈچۈن كىشىلەرنى، پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكىلەرنى ئالدىغىنىم يوق. مەن پەقەت پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ «ئۇلار»نىڭ پلانېتىنى بالدۇراق تېپىپ، يەر شارىدىكى ئىنسانلار بىلەن تاشقى پلانېتلىقلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن».

«ئۇچار تەخسە» مۇتەخەسسىسلىرى مۇنداق قارىغان. مېك ليۇنىڭ بىلىمى ۋە ئەقلىي سەۋىيىسىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا سەرگۈزەشتىلىرىنى توقۇپ چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس. (09)

(ئەنۋەر قادىر . ت)

## ھەرىكەتنى ئۆزگەرتىشمۇ ئارام ئېلىشتۇر

ياخشى ئارام ئېلىشمۇ بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. ساغلام بەدەن بولۇش ئۈچۈن، ياخشى ئارام ئالمىسا بولمايدۇ. ھەقىقىي ئارام ئېلىش ئادەم بەدىنىدىكى ھەرىكەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشى بولۇپ ئۇ شەكىل جەھەتتە نۇقۇل بىرلا خىل شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق، ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىۋېرىپ چارچىغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپ بەرسە ھارغىنلىق يوقايدۇ، مېڭىۋېرىپ ھېرىپ كەتكەندە ئولتۇرۇپ پۇتنى ئىسسىق سۇغا چىلىسا راھەت ھېس قىلىدۇ. جىسمانىي ئەمگەك قىلىپ ھارغاندا گۈللەردىن ھۇزۇرلانسا، قۇشلارغا مەلىكە بولسا، تېلېۋىزور كۆرسە ياكى كىتاب ئوقۇسىمۇ ناھايىتى ياخشى ئارام ئالغانلىق بولىدۇ. ھەرىكەتنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئارام ئېلىش بەدەندىكى ھارغىنلىقنى تۈگىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا روھىي ھارغىنلىقنى تۈگىتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «دەم ئېلىشنى بىلمىگەن ئادەم ئىشلەشنىمۇ بىلمەيدۇ» دېگەن تەمسىل ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغان. ئارام ئېلىشنىمۇ، ئىشلەشنىمۇ بىلىش دېگىنىمىز، خىزمەت بىلەن ئارام ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ھەرىكەتنىڭ چېكىنى توغرا ئىگىلەپ، ھەرىكەتنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزگەرتىپ، دەم ئېلىش بىلەن ئارام ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەر ئىككىسىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك دېگەنلىكتۇر.

زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت رىتىمى ئۈزلۈكسىز تېزلىشىپ، ئىجتىمائىي ئالاقىسى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيمەكتە. شۇڭا خىزمەت بىلەن ئارام ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل چەكنى توغرا ئىگىلەپ، ھەرىكەتنى ئۆز ۋاقتىدا مۇۋاپىق ئۆزگەرتىپ تۇرۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا خىزمەتنى ياخشى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياخشى ئارام ئېلىش ۋە ساغلام بەدەن بولۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. (06)

# تۇغۇۋاتقان توخۇلارنى بېقىش ۋە باشقۇرۇش

## 1. ئوزۇق بېرىش ئۇسۇلى

(1) ئوزۇق مىقدارى: كۈنىگە بىر توخۇغا 100 – 125 گرامدىن ئوزۇق بېرىلىدۇ، توخۇنىڭ نەسلى، ئوزۇقنىڭ ئېنېرگىيە دەرىجىسى، تۇغۇش نىسبىتى، تەن ئېغىرلىقى ھەم ئوزۇق قاچىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوزۇق يېيىش مىقدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇغۇش مەزگىلىدە داۋاملىق ئەۋرىشكە ئېلىپ، ئوزۇق مىقدارىنى ئۆلچەش ئارقىلىق ئاقسىل قاتارلىق تولۇق ماددىلارنىڭ ئەمەلىي قوبۇل قىلىش مىقدارى ھېسابلاپ چىقىرىلىدۇ.

(2) كۈنلۈك ئوزۇق نورمىسىنى تەڭشەپ بېرىش: ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، قەرەللىك ھالدا توخۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى، تۇغۇش نىسبىتى، ئوزۇق يېيىش مىقدارى ۋە مۇھىت تېمپېراتۇرىسى قاتارلىقلارغا ئاساسەن كۈنلۈك ئوزۇق نورمىسى تەڭشىلىدۇ. تەڭشەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى كۈنلۈك ئوزۇق نورمىسىدىكى يېرىك ئاقسىل مىقدارىغا قارىتىش لازىم.

(3) قۇم - تاش بېرىش: ھەر 100 توخۇ ئۈچۈن كۈنىگە دىئامېتىرى تۆت - بەش مىللىمېتىر چوڭلۇقتىكى قۇم - تاشتىن 227 گرام بېرىلىدۇ. بۇ بىر كۈن ئىچىدە بېرىلىپ بولۇشى، مىقدارى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

## 2. دائىملىق باشقۇرۇش

(1) توخۇ تېپىنى كۆزىتىش: ھەر كۈنى ئەتىگەندە توخۇ تېپىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە مايىقىنى كۆزىتىپ كېسەللى بار ياكى نورمال بولمىغان توخۇلار بايقالسا، ۋاقتىدا ئايرىپ، ئايرىم بېقىش ياكى شاللىۋېتىش لازىم. ئۆلگەن توخۇلارنى دەرھال مال دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىش كېرەك. كېچىسى نەپەس يولى كېسەللىكلىرىدە ئاڭلىنىدىغان غەيرىي ئاۋازلارنىڭ بار - يوقلۇقىغا دىققەت قىلىش، ئوزۇق، سۇ قاچىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە سانىنىڭ توخۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىنى ھەمدە توخۇلارنىڭ ئوزۇق يېيىش ئەھۋالى، ئوزۇق سۈيىتى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. ھاۋا، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلاردا غەيرىي ئەھۋاللارغا دىققەت قىلىش، ئۆزئارا چوقۇشىدىغان توخۇلارنى ۋاقتىدا ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. تۇخۇم چوقۇش ئەھۋالى ئېغىر ھەمدە يەتتە ئايلىق بولغىچە تۇخۇم تۇغمىغان توخۇلارنى ۋاقتىدا شاللىۋېتىش كېرەك.

(2) غىدىقلاش ئامىللىرىنى ئازايتىپ مۇھىتنىڭ تىنچ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش:



تـۇخۇم توخۇلىرى بولۇپمۇ بېنىك تېپلىق تۇخۇم توخۇلىرى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ. ھەر خىل مۇھىت شارائىتىنىڭ تاسادىپىي ئۆزگىرىشى، مەسىلەن، توخۇلارنى تۇتۇش، توخۇغا ۋاكسـىـنـا ئـېـكـىـش، ئوزۇقنى ئالماشتۇرۇش، سۇ بېرىشنى توختىتىش، يورۇتۇش ۋاقتىنى ئۆزگەرتىش، غـەيرىــي رەڭ ۋە غـەيرىي ئاۋازلارنىڭ ھەممىسى ئىدىنقلاش تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، باققۇچى خادىملار مۇقىم بولۇشى، ھەرىكىتى قوپال بولماسلىقى ھـەمدە تـوخـۇ كـاتىكىنىڭ سىرتىدىكى مۇھىت ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىپ، تاسادىپىي كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەرنى ئازايتىش كېرەك.

(3) ئـۇنىۋېرسال سانىتارىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش: توخۇخانا ۋە مۇھىت تازىلىقىغا دىققەت قىلـىـپ سۇ، ئوزۇق قاچىسى ۋە ئوزۇقلاندۇرۇش سايمانلىرىنى يۇيۇپ تازىلاش ھەمدە قەرەللىك ھالدا دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك.

(4) ئىشلەپچىقىرىش خاتىرىسىنى ياخشى يېزىش: ھـەر ۋاقىت توخۇلارنىڭ سانى، ئېلىنغان تۇخۇم سـانى، كەتكەن ئوزۇق سەرپىياتى، توخۇخانىنىڭ تېـمـپېـراتـۇرىـسـى، يـۇقـۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلارنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ مېڭىش كېرەك.

(5) ئوزۇق ئىسراپچىلىقىنى ئازايتىش: ئوزۇقنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئوزۇقنى ئوزۇق قاچىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغىچە سېلىش، قاچىنىڭ ئېگىزلىكىنى چۈجە دۈمبىسىدىن 2cm ئېگىز قىلىش، دانچـە ئوزۇقنى بەك ئۇششاق قىلىۋەتمەسلىك، سۇ قاچىسىدا سۇ ئېقىپ تۇرۇش، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1.2cm ئـەتراپـىدا بـولـۇش، تۇمشۇقنىـى ۋاقتىدا كـېـسـىـپ تـۇرۇش ئارقىلىق ئوزۇقنىڭ چېچىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، تۇغۇشتىن توختىغان توخۇلارنى ۋاقتىـدا شـاللىۋېتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سـۇنـىڭ سـۇپـىـتـىگە كاپالەتلىك قىلىش، چېقىق تۇخۇملارنىڭ نىسبىتىنى ئازايتىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. (05)

(«توخۇ بېقىش تېخنىكىسى» دىن ئېلىندى)

## ئايالللار ۋە ماگىزىن

نەرسـە ـ كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن، ـ دەپ چۈشەندۈرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ماگىزىن ئارىلاشتىكى مەقسىتى ھەرگىزمۇ ئاددىيلا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس. بەزى پسىخولوگلار ئاياللار ماگىزىن ئارىلىغاندا، ئۇلاردا بىر خىل قانائەتلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ، گەرچە ئۇلار بىر نەرسە سېتىۋالمىسىمۇ يەنىلا بىر خىل كۆڭۈل ئازادىلىك ھېس قىلىدۇ، ـ دەپ قارايدۇ. يەنە بـەزى كىشلەر ئاياللار نەرسـە ـ كېرەكلەرنى تۇتۇپ بېـقىش ئارقىلىق كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنى تۈگىتىدۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ بىر نەرسە سېتىۋېلىش ئويى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا يەنىلا شۇ مالغا ئىگە بولغاندەك بىر خىل ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ، ـ دەپ قارايدۇ.

ئاياللار دائىم مەلۇم بىر تاۋارغا بولغان چۈشەنچىسىنى ئۆزىدىكى بىر خىل قابىلىيەت دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلار ئادەتتە مودا قوغلىشىشنى، ماگىزىنلاردا ئەڭ يېڭى مودا بـولـۇۋاتقان كىيىم ـ كېچەك ئۈچۈرلىرىنى ئىگىلەپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى قىزلار ماگىزىندىكى تاۋارلارغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە مودا بولۇۋاتقان كىيىم-كېچەكلەرگە بولغان سەزگۈرلىكىگە تايىنىپ قىزلار توپى ئىچىدە مەلۇم ئابروي ۋە ئورۇنغا ئېرىشىدۇ.

ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك گۈزەللىكنى ياخشى كـۆرىـدۇ، ئـۇلار چىرايلىق ياسىنىۋېلىشنى ئويلاپلا قالماستىن، يەنە باشقا چىرايلىق نەپىس نەرسىلەرنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى كۆرگەزمىلەرگە رەتلىك تىزىپ قويۇلغان پۇكەيلەردىكى نەپىس، كۆركەم بويۇملارغا گـۈزەللىـك مۇجەسسەملەشكەن بولىدۇ. ئاياللارنىڭ ماگىزىن ئارىلاشقا ئامراقلىقىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر سەۋەب، گۈزەل بويۇملاردىن ھۇزۇرلىنىش ھەمدە شۇ ئارقىلىق بىر خىل شاد خوراملىققا چۆمۈلۈش. (05)

(قۇربان مۇھەممەت.ت)

# ئوقۇتقۇچىلىق تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى

★ ئەخمەت كىبىر ★

مەلۇمكى، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلار بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئۇچراشقۇچى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە تىكلەپ بەرگۈچى. ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئاساسلىقى تىل، ھەرىكەت ۋە باشقا راي (مەيلى) ئامىللىرى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. شۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەتلىك بولۇش، مەدەنىيەتلىك تىل ئىشلىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش — ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلاردا تىل ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى. ئوقۇتقۇچىلار تىل ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ قەلب ئېتىزىنى ياشنىتىدۇ، ياكى ۋەيران قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلىق تىلى مىگىلىغان، ئونمىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئائىلە ۋە جەمئىيەتكە سىڭىپ كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ ھاياتىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلار نەزەرىدىكى: «نوقسانسىز ئىنسان»، مەبۇد. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش — نۆۋەتتىكى مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تەركىۋى قىسمى. مۇھىمى، ئوقۇغۇچىلار، ئاتا - ئانىلار ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تەلىپى، دەۋرنىڭ تەقەززاسى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ئوبرازى، ئىناۋىتى ۋە قەدىر - قىممىتىنى تىكلەشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپلەر جەزمەن ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىش. ئۇنداقتا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىلىنى قانداق قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك؟ قانداق تىلنى قېلىپلاشقان ئوقۇتقۇچىلىق تىلى دېيىشكە بولىدۇ؟

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ، مېنىڭچە ئۇنى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۇن نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. تەشكىللىي تۈزۈم قارىشى يېتەرسىز، ئىنتىزامغا رىئايە قىلمايدىغان ۋە بۇ جەھەتلەردە بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان ئوقۇغۇچى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، «ئۇكام (ياكى بالام) ھەرقانداق ئادەم كەمچىلىك - خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. مەسىلەن، مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئەمدى گەپ خاتالىقنى تۈزىتىپ قايتا سادىر قىلماسلىقتا. ئىشىنىمەنكى، خاتالىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىپ



تۈزىتىپ كېتىشكە ئىرادە باغلىسىڭىزلا ياخشى ئوقۇغۇچى بولالايسىز...» دېگەندەك سىپايە سۆزلەرنى ئىشلىتىش، پوپوزا قىلماسلىق لازىم.

2. دەرستە ئارقىدا قالغان ياكى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئوقۇغۇچىغا تەربىيە ئىشلىگەندە: «تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ تىرىشىپ ئۆگەنسىڭىزلا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيسىز، ھەرگىز مەيۈسلەنمەڭ، بىر قېتىملىق ئىمتىھاندا ئۆتەلمىگەنلىكىڭىز سىزنىڭ ئاخىرقى نەتىجىڭىزگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. مەغلۇبىيەت غەلىبىنىڭ ئانىسى...» دېگەندەك ئوقۇغۇچىلارنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان، ئۇلارغا ئىلھام بېرىدىغان، ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتىدىغان سۆزلەرنى دېيىش، قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ قوللىرىنى شىلتىپ «ھاڭۋاقتى، كالۋا! تازىمۇ بىر يارىماس ئادەم بولۇپ چىققىدەكسەن!...» دېگەندەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ غۇرۇرىغا، ئىززەت - ھۆرمىتىگە تېگىدىغان يامان سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئازار بېرىپ قويماسلىق كېرەك.

3. ئوقۇغۇچىلاردىن بىرەرسى ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئۆتۈش ياكى ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدا خاتا كەتكەن تەرىپىنى بايقاپ قېلىپ، تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن پىكىر بەرگەندە «كەچۈرۈڭ، بۇ مەسىلىنى مەن ھەقىقەتەن خاتا ئىشلەپ قويۇپتىمەن، ياكى خاتا دەپ قويۇپتىمەن، خاتا يېزىپ قويۇپتىمەن.» دەپ ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان تەرىپىنى دادىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىش، ئەكسىچە، ئۇلارنى بۇرنى-قۇلىقىغىچە «تويغۇزۇپ»، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قىلىش ئاكتىپچانلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەسلىك كېرەك.

4. تاپشۇرۇق ئىشلەشتە ئەستايىدىل بولمىغان ئوقۇغۇچىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ تارقىتىپ بەرگەندە «تاپشۇرۇقنى قالايمىقان، قول ئۇچىدا ئىشلەپ قويۇپسىز، ياخشىسى يەنە بىر قېتىم ئىشلەپ بېقىڭ بولامدۇ؟ چۈشەنمىگەن تەرەپلەر بولسا تارتىنماي سوراڭ...» دېيىش، تاپشۇرۇق ئىشلەشتە ئەستايىدىل بولالمىغان ئوقۇغۇچىنى ساۋاقداشلىرى ئالدىدا بولۇشىغا تەنقىدلەپ، ئۇنى ئىككىنچى بېشىنى كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

5. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيىگە ئائىلە سۆھبىتىگە بارغاندا ياكى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن تاسادىپىي كۆرۈشۈپ قېلىپ ئەھۋال ئوقۇشۇشقا توغرا كەلگەندە: «مەكتەپ بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىڭىز، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ×× جان ياكى ×× گۈلنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيلەپ كەتسەك...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ھەم ئوقۇغۇچىغا بولغان يېقىنچىلىقىنى (گەرچە ئوقۇغۇچى تەرىپلىگۈدەك ئوقۇغۇچى بولمىسىمۇ) ئىپادىلەش. كۆرۈشە كۆرۈشمەيلا: «گەپىڭنىڭ ئوچىقىنى ئېيتساق، بالىڭىزغا قايتا - قايتا تەربىيە بەرسەممۇ ھېچ ئۈنۈمى بولمىدى. گەپ ئاڭلىتىشقا ئامالىم قالمىدى. ئەڭ ياخشىسى بالىڭىزنى قايتۇرۇپ كېتىڭ ياكى باشقا مەكتەپتە ئوقۇتۇپ...» دېگەندەك ئاتا - ئانىلارنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ھەم ئاتا - ئانىلارنىڭ يىغىرىغا تېگىدىغان گەپ - سۆزلەرنى دېمەسلىك كېرەك. چۈنكى ھەر قانداق ئاتا - ئانا ئۆز بالىسىنى ئەسكى، بولۇمسىز دېگۈسى كەلمەيدۇ ۋە شۇنداق بولۇپ قېلىشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايدۇ.

6. ئوقۇغۇچىدىن دەرسخانىدا سوئال سورىغاندا ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىسا: «سوئالغا قائىدە بويىچە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ جاۋاب بېرىڭ» دېيىش، جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن يېقىملىق تەلەپپۇزدا: «ئولتۇرۇڭ» دېيىش «تۇرە ئورنۇڭدىن، سەندىن سوئال سوراۋاتىمەن، گەپ قىل!... جاۋاب بېرەلمىسەڭ ئاشۇنداق ئۆرە تۇر ئەمىسە...» دەپ سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگەن ئوقۇغۇچىنى سائەتلەپ «ئۆرە تۇرغۇزۇپ

قويۇش» تەك ئۇسۇللار بىلەن جازالىماسلىق كېرەك.

7. دەرس ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالغان ياكى دەرسكە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەي خىيالغا بەنت بولۇپ قالغان ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن «روھلۇق ئولتۇرۇڭ، دەرسكە دىققەت قىلىڭ» دېيىش، «كېچىدىن ئېشەك باقتىڭمۇ ئۇخلىماي؟ ھورۇن، لەقۋا!»، «كىمنى ئويلاپ كەتتىڭ خېنىم؟» ياكى «ئۇخلىساڭ ئۇخلاۋەرگىنە! ئوقۇساڭ ماڭا ئوقۇپ بېرەمتىڭ!...» دېگەندەك مەسئۇلىيەتسىزلىك، بىپەرۋالىق نۇقتىسىدىن چىقىپ گەپ قىلماسلىق كېرەك. سىستېمىلىق، پۇختا تەييارلانغان، خىلمۇخىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، قىزىقارلىق، جانلىق ئۆتۈلگەن بىر سائەتلىك دەرستە ئادەتتە: «جىم ئولتۇرۇڭ، پاراڭ سالماڭ، دەرسكە دىققەت قىلىڭ، ئۇخلىماڭ...» دېگەندەك دەرسكە مۇناسىۋەتسىز گەپلەر بولۇنمايدۇ.

8. ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىنىڭ بىرەر ماددىسىغا ئېغىرراق خىلاپلىق قىلغان ئوقۇغۇچى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە: «سىزنىڭچە مۇشۇ قىلىقىڭىز توغرىمۇ؟ ئاشۇنداق كېتىۋەرسىڭىز ئۆزىڭىز، ئاتا - ئانىڭىز ۋە باشقىلارغا يۈز كېلەلەمسىز؟... پىكرىڭىز بولسا ئايرىم دېسىڭىزمۇ، يۈزمۇ - يۈز دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىسىڭىز خەت ئارقىلىق چۈشەندۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ. جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن...» دېيىش «ھۇ، ئادەم بولمايدىغان لۈكچەك! ساڭا تولا تەربىيە ئىشلەپ ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ قالدى. كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي يوقال سىنىپتىن!...» دەپ ئوقۇغۇچىنى مەكتەپتىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىپ، ئۆز ئىستىقبالىنى ئۆمۈرلۈك نابۇت قىلىشقا سەۋەب بولۇپ قالماسلىق كېرەك.

9. دەرسكە كېچىكىپ قالغان ئوقۇغۇچىغا: «يۈنىڭدىن كېيىن مەكتەپكە ئەتىگەن كېلىپ ئادەتلىنىڭ، ئولتۇرۇڭ» دېيىش ياكى سائەتكە شۇنداق بىر قاراپ قويۇپلا، ئولتۇرۇشقا ئىجازەت قىلىش، گەپ بولسا دەرس ۋاقتىدا قايناپ كەتمەي، ئەڭ ياخشىسى دەرستىن كېيىن ئايرىم سۆزلىشىش كېرەك.

10. سورالغان سوئالغا دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي تېنەپ قالغان ئوقۇغۇچىغا: «ھودۇقماڭ، قېنى قايتا ئويلىنىپ جاۋاب بېرىڭ» دېيىش. ئوقۇغۇچىغا ھېچقانداق ئويلىنىش پۇرسىتى بەرمەستىنلا ھە دېسە گەپ قىستۇرۇپ، ئوقۇغۇچىنى تەمتىرىتىپ قويماسلىق ياكى: «ئىست! ئىست قولىقىڭغا ئېزىپ ئىچىرىۋەتسەممۇ، مۇشۇنداق ئاددىي سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدىڭ. ئۆتۈپ كەتكەن قاپاقباش بىر نېمىكەنسەن...» دېگەندەك ئورۇنسىز گەپلەر بىلەن ئوقۇغۇچىنى تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇپ، ئۇنى بىر نەرسە بىلمەيدىغان، بىلىشكىمۇ ئىنتىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق كېرەك.

بىزدە «ياخشى سۆز تاشنى يارار، يامان سۆز باشنى»، «ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن» دېگەندەك ھېكمەت دۇردانىلەر بار. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەر قانداق ئادەم بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشى ھەم خىزمەت جەريانىدا ئەمەل قىلىشى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان تىل ئالاقىدە ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىكىلىق ئۇقسانلىرىغا بېرىپ تاقىلىدىغان، ھاقارەت، لەقەم تۈسىنى ئالغان گەپ - سۆزلەرنى قەتئىي دېمەسلىكى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە شارائىتىنى تولۇق چۈشىنىشى، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز پەرزەنتىگە كۆيۈنگەندەك كۆيۈنۈشى، مېھرىبان بولۇشى، ئۇلارغا كۆيۈنۈشى ۋە مەدەنىيەتلىك تىل بىلەن ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى ئىللىتىپ، ئۆزىگە مايىل قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. مەدەنىيەتسىز گەپلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلار قەلبىدە: «تىل يارىسى» پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشى لازىم. بۇنىڭدىن سىرت ئوقۇتقۇچىدا مەلۇم يۇمۇرلۇق تىل ئىشلىتىش (لايىقىدا) ئادىتى ۋە يۇمۇرلۇق ھېسسىيات بولۇشى لازىم. (04)

# ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ راست - ياسالغانلىقىنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك

ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋالغاندا، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئىش قىلىپ، ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئادەتتە ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى پەرقلەندۈرۈشتە سىناق قىلىش، سىلىشتۇرۇش، كۆزىتىش، ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈش، ساپلىق دەرىجىسىنى ھېسابلاش قاتارلىق بەش خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

سىناق قىلىش. ئالتۇن مىسقا قارىغاندا ئېغىر، ئوخشاش ھەجىمدىكى بۇ ئىككى بۇيۇمنى كۆتۈرۈپ باققاندا ئېغىراقى ئالتۇن، يېنىكرەكى مىس بولىدۇ.

سىلىشتۇرۇش. ئالتۇننىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى مىسقا قارىغاندا ئاجىز، ئەگەر مىس ئاچقۇچ بىلەن ئالتۇننىڭ ئۈستىگە يېنىك سىجىغاندا، پېتىنقى ئىز ھاسىل بولسا راست، ئىز ھاسىل بولمىسا ياسالغان بولىدۇ.

ئۆزگىرىشنى كۆزىتىش. بۇيۇمنى كىسلاتالىق ئېرىتمىگە سالغاندا، رەڭگى ئۆزگەرمىسە راست مال، پارقىراقلىقنى يوقاتسا ياسالغان مال بولىدۇ.

ئۆلچىمنى تەكشۈرۈش: «MA» بەلگىسى بولسا، دۆلەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرىنىڭ بۇ زىننەت بۇيۇمىغا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «KF» ياكى «KP» بەلگىسى يېزىلغان بولسا، ساپ ئالتۇن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. «F» ئالتۇنغا تەقلىد قىلىنغانلىقىنى، «P» ئالتۇن يالىتىپ ياسالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن، 14 KF بولسا 14 K لىق ئالتۇندىن تەقلىد قىلىپ ياسالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. 14 KP بولسا 14 K لىق ئالتۇن يالىتىپ ياسالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇندىن باشقا راست مالدا ئىشلەپچىقارغان زاۋۇتنىڭ ۋەكالەت نومۇرى يېزىلغان بولىدۇ. مەسىلەن: «沪C» بەلگىسى بولسا، شاڭخەي «يىراق شەرق» ئالتۇن، كۈمۈش، زىبۇ - زىننەت زاۋۇتىنىڭ؛ «京A» بەلگىسى بولسا، بېيجىڭدىكى مەلۇم زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بەزى زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىدا گەرچە «24K» ياكى «99.99 %» دېگەندەك بەلگىلەر بولسىمۇ، ئەمما زاۋۇت ۋەكالەت نومۇرى يوق بولسا ئىشەنچلىك ئەمەس.

ھېسابلاش: ساپلىق دەرىجىسىنى ھېسابلاش — ئالتۇن تەركىبىنى ھېسابلاشنى كۆرسىتىدۇ. ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئالتۇن تەركىبى «K» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: 14K، 17K، 18K، 22K، 24K، قاتارلىقلار، K نىڭ كوئېف فىتسېنتى 4.15 % بولۇپ 24 نىڭ ئالتۇن تەركىبى 99.6 % = 4.15 % × 24، 22 نىڭ 91.3 %، 14 نىڭ 58 % بولىدۇ. ناۋادا سىز ئالتۇن دۇكىنىدىن 24K لىق ئالتۇن زىننەت بۇيۇمى سېتىۋالسىڭىز، تەركىبي 99.6 % گە يەتمىگەندە ئالتۇن دۇكىنىغا بېرىپ تۈلەتىۋالسىڭىز بولىدۇ. (06)

(مەھەممەتجان ئابلا. ت)



# يېزا ياشلىرى سەمىگە

★ ئۆرگۈنجان ئىسمائىل ★

ما قالەمنى ئەسلىدە «سەھرالىق سولتەكلەرگە سۆز» سەرلەۋھىسىدە باشلاي دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈممۇ مۇشۇ خىلۋەت سەھرادىكى بىر ئاددىي ياش بولغاچقا مۇشۇنداق دېيىشكە تامامەن ھوقۇقلۇق دەپ قارايتتىم. ئەپسۇس، بۇنداق باشلاش بىرىنىڭ خىرۇستالدەك نەپىس، نازۇك قەلبىمىزگە خەتەرلىك دەز، بىرىقلارنى پەيدا قىلىپ قويىدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا، ماقالەمنى بىز كۆنگەن، بىز ئادەتلەنگەن ياۋاش- يۇمشاق سۆزلەردىن بىرىككەن مەركۇر سەرلەۋھە بىلەنلا باشلاش ئويىغا كەلدىم.

جاھاندىكى نى - نى سىرلار، تىلسىماتلار ئاشكارىلىنىپ، ئىنسانىنىڭ ئەقلىي كۈچى تازا ۋايىغا يېتىۋاتقان، نۇرغۇن ئىشلار يۈكسەك كامالەت تاپقان بۈگۈنكى كۈندە بىز نېمىلەرنى قىلىۋاتىمىز، بىز نېمە ئويدا، خەق نېمە كويدا؟ بۇ- بىزگە ئوخشاش ھەر بىر «سولتەك» نىڭ دوپپىمىزنى تىزىمىزغا كىيدۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئويلاشقا تېگىشلىك ئەڭ زۆرۈر ئىنسانىي بۇرچى. نەق گەپنى قىلغاندا، مىللىتىمىزنىڭ يىلتىزى ھېسابلانغان بىز دېھقانلار تۇرمۇشىنىڭ قارىنىنى شۇنداقلا يارىدىغان بولساق كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان مەنزىرە بىزنى كۆرۈۋال، بىزنى يېزىۋال دەپلا كۆزگە تاشلىنىدۇ...

ئالاقوناقنىڭ چىشىدەك ئۇيەر - بۇيەردە باش كۆتۈرگەن بايلىرىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئارىمىزدا قايسى بىر دېھقان مال - چارۋا ساتماي تۇرۇپ ھېيت- ئايەم ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ؟ قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ. ئاتا - ئانىمىز چىشنى چىشىغا چىشلەشتۈرۈپ داۋالىنىشقا پۇلى يوق، ئاچارچىلىقتا ئاچچىق تولغىنىۋاتسا بىز سولتەكلەر لاي سۈنى دۈم يېتىپ ئىچىپ، قورۇلۇش مەيدانلىرىدا ئازغىنە ئىش ھەققىگە مەدىكار ئىشلەپ تاپقان ئىككى - تۆت تال تەڭگىمىزنى بەختسىز ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش ئورنىغا، روھىيىتىمىزگە، جىسمانىيىتىمىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان «تاتلىق» هاراقلارغا خەجلەپ، ئەل ياتقۇ بولغاندا لالما ئىتلاردىن يول تالىشىپ، نەلەردە پوق دەسسەپ يۈرۈۋاتقىنىمىز ئەمەلىيەتمۇ - ئەمەسمۇ؟ ھۆكۈمەت ئىنى- سىڭىللىرىمىزنى ھەقسىز ئوقۇتۇپ بېرەيلى دېسە «جىگدە ياغىچى بادىر بولماس، دېھقان بالىسى كادىر» دەپ ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆركىرەيمىز. كەچلىكى مەجبۇرىي يىغىۋېلىنغان ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىدا تاماكىمىزنى قىڭغىر چىشلەپ، يانچە ئولتۇرۇپ «كۆتۈمدە ئىشتان يوق، ئېتىم مارجانبۇۋى» دېگەندەك، خەلقئارا ۋەزىيەتكە چۈشۈپ كېتىمىز. «سادامغا سالام بولۇپ، بۇشنى تىللاپ»



پوسكايتتۇۋېتىمىز. بەزىلىرىمىز ئۆزلىرىمىزنى ئەراپاتقا ئوخشىتىپ، يەھۇدىيلارنى يەتكۈچە قارغايمىز. ئەمما باش تىققۇدەك روزىغارى، ئۇھ دېگۈدەك مادارى قالمىغان بىز خەقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى سەۋرچانلىقى ۋە مېھنەتكەشلىكىگە تايىنىپ، دۇنيا بايلىقى زاپاس كۈچىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېسىپ ياتقىنىمىزنى خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايمىز. كەنت كادىرلىرى ھەيدىمىسە ئۆز يەرلىمىزنىمۇ تاشلاپ، بېليارت تاختىلىرىغا، قارتا سورۇنلىرىغا، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىكى قىمارخانىلارغا ھەتتا ئەمدىلا ئايىغى چىققان قىزلارغا تاشلىنىدىغان پەيلىمىزمۇ بار تېخى. تېخىمۇ ئېچىشتۇرۇپ دېسەم - بەزى سەھرالىق سولتەكلەر راستىنلا «سولتەك» لىشىپ كەتتۇق، كۈندىن- كۈنگە ھورۇن، ھاماقەت، ھاڭۋاقتى، بىزەڭ، قاشاقلىشىپ كەتتۇق. روھىيتىمىز بارغانسېرى پەسلىشىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا رەسۋالىشىپ كېتىۋاتىمىز! ئەي ئاز ساندىكى سەھرالىق قېرىنداشلىرىم، تەلپىكىڭلارنى ئېلىۋېتىپ، قولىقىڭلارنى جىگدە ياغىچىدا كولىۋېتىپ ئاڭلاپ تۇرۇڭلار:

— بىز - چىڭگىزخانغا مەسلىھەتچى، يول باشچى بولغان خەلقنىڭ، دۇنيا خەرىتىسىنى تەخمىنى سىزىپ چىققان مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىمىز. ئەنە شۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاققان قان بىزگە كەلگەندە باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ كەتمىسۇن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن، 100 يىل ئىلگىرىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئارا، توقماقلىرىنى قورال قىلىپ 20 - ئەسىرگە كىرگەن بولسا، بىز پۈتۈنلەي يېڭىچە روھىي قىياپەت بىلەن 21 - ئەسىرگە يۈرۈش قىلايلى. چەت ئەلدە كىشىلەر مەخسۇس مەكتەپنى پۈتتۈرمىسە دېھقانچىلىق قىلالمايۋاتقان، ئىچكىرىنىڭ دېھقانلىرى پۈتۈنلەي تېخنىكىلىشىپ بولغان بۈگۈنكى كۈندە بىز يىل بويى ھەپىلىشىدىغان خىمىيۋى ئوغۇتلارنىڭ ئىسمىنىمۇ ئوقۇماي، رەڭگىگە قاراپ ئاتاپ، ئۇنى تېخىچە تاماق قاچىلىرىمىزدا ئۆلچەپ يۈرۈيمىز. مۇشۇنداقلا ماڭساق 21- ئەسىر بىزنى شاللىۋېتىدۇ. بىز بولساق «ئالتۇن تاۋاق تۇتقان دېۋانىلەر»گە ئايلىنىمىز!(06)

**(ئەرشىدىن توختى فوتوسى)**

## جىنسىي كېسەللىك بىمارلىرى ئۈچۈن خۇش خەۋەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكلەش ئورنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆپىيىش سىستېمىسىغا دائىر تەتقىقات ۋە داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز ساھەسىدە نوپۇزلۇق ئورگان بولۇپ قالدى. بۇ ئورگاندىكى تەجرىبىلىك دوختۇر ئەركىن ھاشىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن «بۇغدا ئامبۇلاتورىيىسى» ئەر - ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىكى، ئەرلەردىكى جىنسىي ئاجىزلىق، ئىسپىرما بالدۇر كېتىش، مەزى بېزى ياللۇغى، ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرى، سۆزنەك ۋە باشقا جىنسىي كېسەللىكلەرنى ئۈنۈملۈك داۋالاپ، ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ ئامبۇلاتورىيە يەنە تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دورا بىلەن بالا چۈشۈرۈش، سۈننەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. «بۇغدا ئامبۇلاتورىيىسى» بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ نورمال كېسەل كۆرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى بۇلاق بېشى كوچىسى 453 - قورۇ يەنى رابىيە قادىر سودا سارىيى ئالدىدىن كۈن پېتىش تەرەپكە 300 مېتىر ماڭسىڭىز بولىدۇ.

تېلېفون: 2306919

چاقىرغۇ: 1530- 2317799، 2007667 126

ئالاقىلەشكۈچى: **ئەركىن ھاشىم، ئەنۋەر ئەركىن**



## ئون يۈەنگە نېمە ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ

**نا** ھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە ئون يۈەن جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ قىممەتتىكى خەلق پۇلى بولۇپ كەلگەنىدى؛ ھازىر، كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئون يۈەن پارچە پۇل بولۇپ ھېسابلىنىدىغان بولدى.

ھازىر، سىز يانچۇقىڭىزغا ئون يۈەننى سېلىپ كوچىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالامسىز؟ ئون يۈەنگە يەنە نېمە ئىشلارنى قىلغىلى بولار؟

**[بېيجىڭ]** 1. بىر ۋاقلىق تېز تاماق يېيىشكە بولىدۇ. (يېرىم توخۇ پۇتى، 100 گىرام تەييار چۆپ، بىر تەخسە چىلىغان سەي، بىر چىنە شورپا).

2. بىر قۇر كىيىم سېتىۋالغىلى بولىدۇ. (بىر ئاسما مايكا ئۈچ يۈەن، كالتە ئىشتاندىن بىرسى ئۈچ يۈەن، ساپما كەش بىر جۈپى ئۈچ يۈەن — نۇرغۇن قۇرۇلۇش ئورنىدىكى ئىشچىلارنىڭ كىيىنىشى).

3. TAX «تاكسى»غا ئولتۇرۇپ ئون كىلومېتىر ماڭغىلى بولىدۇ.

4. ئۈچ چاقلىق ھارۋىغا ئولتۇرۇپ تيەنئەنمېن مەيدانىنى بىر ئايلىنىپ چىققىلى بولىدۇ.

5. داڭلىق ماركىلىق چىش چوتكىسىدىن بىرنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

6. ئاپپاراتنىڭ ئىشقارلىق باتارېيىسىدىن بىرنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

7. دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئادەتتىكى كىنودىن بىرنى كۆرگىلى بولىدۇ.

8. ئادەتتىكى ئاشخانىدا بىر ئىستاكان خام پىۋا ئىچكىلى بولىدۇ.

9. دوختۇرخانىدا داڭلىق مۇتەخەسسىسلەر نومۇرىدىن بىرنى ئالغىلى بولىدۇ.

10. ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى كۈنى بىر تال ئەتىرگۈل سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

**[گۇاڭجۇ]** يەرلىك گۇاڭجۇلۇقلارنىڭ بىرىنچى ئىنكاسى مۇنداق: «ياڭچېڭ ماركىلىق تاماكىدىن تۆت قاپ سېتىۋالغىلى بولىدۇ»

مەخسۇس ئەرلەردىن بىلەت ئالىدىغان دىسكو مەيخانىسىنىڭ ئىشىكتىن كىرىش بېلىتىدىن بىرنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

كونا گۇاڭجۇلۇقلار مۇنداق دەيدۇ: «بىر قانچە يىللار ئىلگىرى، ئون يۈەن پۇلغا بىر جۈپ قىز - يىگىت بىر قېتىملىق كىنو كۆرەلەيتتى، بۇ، ئىچىملىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھازىر بولسا بىر ئادەمنىڭ كىنو كۆرۈشىگىمۇ يەتمەيدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر ئادەمنىڭ بىر مەيدان كونا شياڭگاڭ سىنئالغۇ لېنتىسى كۆرۈشىگىلا يېتىدۇ، سىنئالغۇ كۆرۈش ئورنى تېخى ئادەتتىكى تار كوچا ئىچىدە.

ئون يۈەن بىلەن ئۈچ جان بولغان ئادەتتىكى بىر ئائىلىدە بىر گۆشلۈك سەي، بىر گۆشسىز سەي، بىر

كورا شورپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ۋاخلىق تاماق ئىچىپ بېيىشكە بولىدۇ.

ئادەتتىكى ۋاقىتلار بولسا ئون يۈەنگە ئون نەچچە تال ئەتىرگۈل سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ھەممىدە يۈەنگە ماسلاشتۇرۇپ بىر تال ياپون رودىيىسى سېتىۋالغىلى بولىدۇ؛ ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمىدا بولسا، ئون يۈەنگە خېلى سۈپەتلىك بولغان بىرىم تاللا ئەترگۈل سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

ئون يۈەنگە شىدۇ ماگىزىنىدا كوكا - كولا (Cocacola) دىن تۆت قۇتا سېتىۋالغىلى بولىدۇ؛ ئەگەر مەيخانا ياكى تانسخانىلاردا بولسا ئون يۈەنگە بىرلا قۇتا كوكا - كولا سېتىۋالغىلى بولىدۇ، بۇ تېخى خوجايىنىنىڭ سىزگە سوۋغا قىلغىنى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق سورۇنلاردا، ئون يۈەننىڭ قىممىتى بىر ئىستاكان قايناق سۇ بىلەن باراۋەر خالاس.

ئون يۈەنگە گۇاڭجۇدا زادى نېمىلەرنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ؟ بىر قاپ ياخشى ئۈنئالغۇ لېنتىسى. مەيخانىدا ئىككى ناخشا ئېيتقىلى، باھاسى چۈشۈرۈلگەن كىتابتىن بىر دانىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

**[شاڭخەي]** جىڭئەن بۇتخانىسىنىڭ «دېڭىز ئۈستى خان سارىيى» دا ئون يۈەنگە ئاران بىرىم ئىستاكان ئىمپورت قىلىنغان مىنېرال سۇيى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ياڭپۇ رايونىدىكى كونا ئۆيلەردە بولسا ئون يۈەن سىزنىڭ ئالتە دوستىڭىزنى بىللە ئېلىپ بېرىپ بىر ئادەم بىر قاچىدىن سەيلىك چۆپ ئېلىپ يېيىشىڭىزگە يېتىدۇ. ساۋپاڭ يولى توپ سېتىش بازىرىدا ئون يۈەنگە ئىمپورت قىلىنغان ئەمما بۇزۇلۇشقا باشلىغان مېۋىدىن ئازراق سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

خۇشنىتىنىڭ چايخانىسىدا ئون يۈەنگە لۇڭجىڭ چېيى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ؛ خۇشنىتىڭغا نەچچە يۈز مېتىر كېلىدىغان جۇكۇي كوچىسىدا، سىز ئون يۈەنگە خېلى ياخشى بولغان چايدىن بىر ياكى ئىككى جىڭ سېتىۋالالايسىز.

تىنچ ئوكيان تۈرلۈك ماللار سارىيىدا ئون يۈەنگە تۇغۇلغان كۈن ئاتكىرىتكىسىدىن بىرنى سېتىۋېلىش خېلى قىيىنغا توختايدۇ؛ فومىڭ كوچىسىدا، سىز سەۋرچانلىق بىلەن ئىزدىسىڭىزلا، ئون يۈەنگە خېلى ئوبدان ئاتكىرىتكىلاردىن ئوننى سېتىۋالالايسىز، يايمىچى تېخى سىزگە بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئىشلەتكىلى بولىدىغان رۇژدېستىۋو بايرىمى ئاتكىرىتكىسىدىن بىرنى سوۋغا قىلىشى مۇمكىن.

بۇتمان مېھمانخانىسىنىڭ يۇيۇنۇش ئۆيىدە ئون يۈەن پەقەت سىز ئۈچۈن جۈمەكنى ئېچىپ بەرگەن مۇلازىمەتچىنىڭ مۇلازىمەت ھەققى بولۇشى مۇمكىن؛ تازىلىق ئەسلىھەلىرى بولمىغان كونا شەھەر رايونىدا، ئون يۈەنگە ئۆيىڭىزگە كېلىپ ھاجەتخانىڭىزنى 20 كۈن تازىلاپ بېرىدىغان ئادەم ياللىغىلى بولىدۇ.

**[شېنجېن]** «ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى» كۈنى، سىز ئون يۈەنگە تىكەنلىك ئەترگۈلدىن بىر تال سېتىۋالالايسىز. ئون يۈەنگە تويغىدەك بىر ۋاقلىق تاماق يېگىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، پەقەت كوچا ئېغىزلىرىدىكى مەلۇم ئاشخانىلاردىلا شۇنداق قىلغىلى بولىدۇ. ئون يۈەنگە ئەلۋەتتە پاي چېكى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇ پاي چېكى سېتىۋېلىش شامىلى كۆتۈرۈلگەن شەھەردە، ئۇ سىزنى بىر دانە «پاي چېكى ئەھۋالى» كىتابى بىلەن بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇيىگە ئىگە قىلىدۇ. ئون يۈەنگە سىز يەنە لاتارىيە بېلىتىنىڭ بەش گورۇپپا نومۇرىغا ئېرىشەلەيسىز. ئەگەر تەلىيىڭىز ئوڭدىن كەلسە، سىز شەرقىي دەرۋازىدىكى كونا كوچىدا مال باھاسى چۈشۈرۈلگەن ۋاقىتتا ئون يۈەنلىك مايكىدىن بىرنى سېتىۋالالايسىز. ئەگەر سىز كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ كەلمەكچى بولسىڭىز، پەقەت ھەممىگە تونۇش بولغان «شادلىق» سەھنىسىگىلا بارالايسىز، بۇ شېنجېندىكى ئەڭ ئەرزان باھالىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى.

ئەلۋەتتە، ئون يۈەنگە سىز شېنجېندا ئۈچ بوتۇلكا مىنېرال سۇيى ئېلىپ ئىچەلەيسىز؛ سىزنى نىشانىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويالايدىغان تاكسىغا بىر قېتىم ئولتۇرالايسىز (ئىككى تۈرلۈك ماشىنىنىڭ باشلىنىش باھاسى ئون يۈەن) ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى بىر نەچچە نۇسخا گېزىت سېتىۋالالايسىز؛ خىجىل بولغان ھالدا مەيخانىدا بىرىم ئىستاكان ئىچىملىك سېتىۋالالايسىز (مۇز پارچىسى سېلىنمىغان)؛ دوختۇرخانىدا بىر قېتىم نومۇر ئالالايسىز (ئەمما ھېچقانداق دورا ئالالمايسىز)…

شېنجېندا ئون يۈەنگە ھېچقانچە ئىش قىلغىلى بولمايدۇ.

(02)    (گۈزەل ئابلا ت)    (دەريا ھەسەن لوتوسى)

# خوتەننىڭ قەدىمكى قاشتېشى

## سەنئەتكە نەزەر

★ ئۆمەرجان مەمتىمىن ★

تارىخىي مەنبەلەردە «ئۇدۇن» دەپ ئاتالغان خوتەن بوستانلىقى ئۇزاق تارىخقا، شانلىق مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمكى يۇرت بولۇپ، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنى تۇتاشتۇرىدىغان قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇش ئالاھىدىلىكى، گىلەم، يىپەك، قاشتېشىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ گۆھىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر.

خوتەن قاشتېشىنىڭ قېزىلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، تارىخشۇناسلار قاشتېشى بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا قېزىلىشقا باشلىغان، دەپ قارايدۇ. تارىختا خوتەندە قاشتېشى چىقىدىغان جايلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى، يۇرۇڭقاش، قاراقاش، سۇيا، قاراقىر، نۇرى تېغى قاتارلىق بەش جايدىن ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان قاشتېشى ئەڭ ئېسىل بولۇپ، بۇ توغرىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «قاش ئۆگۈز خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان ئىككى دەريا، بىرى ‹ئۈرۈڭ قاش ئۆگۈز (يۇرۇڭقاش دەرياسى)›، دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك ئاق تاش چىققاچقا دەريا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى، ‹قاراقاش ئۆگۈز (قاراقاش دەرياسى)›، دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك قارا تاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقمايدۇ، پەقەت مۇشۇ جايدىلا چىقىدۇ» دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. خوتەن قاشتېشىنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆك قاشتېشى، سېرىق قاشتېشى، كۆك چېپار قاشتېشى، قىزىل قاشتېشى ۋە كاۋاش قاشتېشى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

خوتەن بوستانلىقىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپلا قاشتېشىنى ئەتىۋارلاپ قىممەتلىك بۇيۇم ئورنىدا ئىشلەتكەن. بۇتوغرىسىدا «تۈركىي تىللاردىۋانى»دا يەنە: «قاشتېشى، بۇ بىر خىل سۈزۈك تاش بولۇپ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە بولىدۇ. بۇنىڭ ئېقى گۈلدۈرمامىدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىنىدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. ھازىرمۇ خوتەن خەلقى قاشتېشىدىن بىلەزۈك ياساپ قوللىرىغا سېلىپ، «ھال چۈشۈشتىن ساقلىنىش»، «تەپتىن ساقلىنىش» قاتارلىقلارغا ئىشلىتىپ كەلمەكتە. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خوتەن بوستانلىقىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز قاشتېشى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئۇنى تەبىئىي يوسۇندا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن بولسا، كېيىن بارا ـ بارا ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساپ، بۇندىن بىر نەچچە مىڭ يىل





ئىلگىرىلا قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىدا قاشتېشى سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن قاشتېشىدىن ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش، مۇزىكا ئەسۋابلىرى ۋە ھايۋانات، قۇشلارنىڭ مودېللىرىنى ئويۇش قاتارلىق ئويمىچىلىق سەنئىتى پۈتۈن خوتەن بوستانلىقىدا ئومۇملاشقان. بۇ توغرىسىدا پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان «مەدەنىيەت ئىزىدىن تۇغۇلغان ھېسلار» دېگەن كىتابىدا: «شىنجاڭنىڭ (ئاساسلىقى خوتەننىڭ) قاشتېشى سايمانلىرى تارىخنى يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغلاردا قاشتېشى جابدۇقلىرى بىر خىل قورال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە «غەربىي خان ئانا (西王母)» رىۋايىتىدە (بۇنىڭدىن 8000 يىل بۇرۇن ئۆتكەن خان، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ) غەربىي خان ئانىنىڭ خۇاگدىغا قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن ھالقا تەقدىم قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. «خۇيمىنەنزى (淮南子)» دېگەن كىتابتا مىلادىدىن ئىلگىرى 6 - ئەسىردە غەربىي دىيارلىق (خوتەنلىك) «قاشتېشىچى» ۋە «ئويمىچى» ئۇستىلارنىڭ قاشتېشىدىن ياسالغان ئاق تۆگە، ھالقا، نەي، سۇمرۇغ، شىر قاتارلىق بۇيۇملارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كەلگەنلىكى، بۇلار قاشتېشىدىن بۇيۇم ئىشلەش، نەقىشلەشكە كارامەت ماھىرلاردىن ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭغا ئوخشاش ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا قارايدىغان بولساق، ئازادلىقتىن كېيىن لوپنۇر خارابىلىقىدىن كۆپلىگەن خوتەن قاشتېشى بۇيۇملىرى قېزىۋېلىنىدى ھەمدە ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەشلەر ئارقىلىق، بۇ قاشتېشى بۇيۇملارنىڭ يىل دەۋرى بۇندىن 4000 ــ 6000 يىللار ئىلگىرىكى مەزگىللەرگە تەۋە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. يەنە خېنەن ئەنياڭنىڭ يىن خانى ۋۇدىڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1238 - يىلىدىن مىلادى 118- يىلىغىچە)نىڭ خانىشى كۆمۈلگەن قەبرىدىن 756 پارچە قاشتېشى بۇيۇملىرى تېپىلدى ھەم بۇلارنىڭ خوتەندە ياسالغانلىقى ئىسپاتلاندى. دېمەك، بۇندىن 4000 ــ 6000 يىللار ئىلگىرى قەدىمكى خوتەندە نەپىس ھەم كۆركەم، ھەم مۇرەككەپ قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ ياسىلىشى قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ ھەقىقەتەن كامالەتكە يەتكەنلىكىنى، يېتىشكەن داڭلىق ئويمىچىلىق ئۇستىلىرىنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى شيا، شاڭ دەۋرلىرىدىن باشلاپلا خوتەننىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق ئۇستىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا بېرىپ ھۈنەر تارقاتقان بولسا، خوتەننىڭ قاشتېشى بۇيۇملىرىمۇ بارا- بارا كۆپىيىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى سوۋغات بۇيۇمى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئەڭ كاتتا گۈلتاجىسى بولۇپ قالغان.

خوتەن بوستانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز يەنە ئۆزىنىڭ قاشتېشى سەنئىتى ئارقىلىق، دۇنياغا مەشھۇر بولغان «يىپەك يولى» دىن 2000 ــ 3000 يىل ئىلگىرىلا ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپانى تۇتاشتۇرىدىغان بىر كاتتا «قاشتېشى يولى»نى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ «قاشتېشى يولى» خوتەندىن باشلىنىپ، شەرقتە بىر تارمىقى چەرچەن، لوپنۇر، دۇنخۇاڭنى بېسىپ ئۆتكەن، يەنە بىر تارمىقى غەربتە قەشقەرگە بېرىپ، ئۇ يەردە شەرققە بۇرۇلۇپ كۇچا، تۇرپان ۋە قۇمۇلنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ ئىككى تارماق يول يۈمەن قوۋۇقى، جيۇچۈەن قاتارلىق جايلارغا تۇتىشىپ، ئاندىن داۋاملىق شەرققە بۇرۇلۇپ، لەنجۇ، شىئەن، لوياڭ ئارقىلىق ئەنياڭغا بارغان. «قاشتېشى يولى» غەربتە كابۇل، ئىسپاھان، باغدات ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتاشقان.

قىسقىسى، خوتەن بوستانلىقىدا ياشىغان ئەقىل پاراسەتلىك، ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز تارىختا بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا قاشتېشى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنى قېزىشقا باشلىغان. 4000 ــ 6000 يىل ئىلگىرىلا قاشتېشىدىن ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساپ، قاشتېشى سەنئىتىنى ئىجاد قىلىپ، ياۋروپا - ئاسىيا مەدەنىيەت - سەنئىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. (07)

# ئەپسۇس ...

## (ھېكايە) .

★ ئابلىكىم ئابلەت ★

1

— خالايىق، رەھىم قىلىشسىلا، خۇدا رەھمەت قىلسۇن، ماڭا بىرنى بېرىشسىلە خۇدا ئۆزلىرىگە ئۇننى بېرەر ...

تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ سۆزلەردىن چۆچۈپ كىتابتىن بېشىمنى كۆتۈردۈم. بىرسى ئاپتوبۇس ئىشىكى تۈۋىدە بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

— قېنى مۇسۇلمانلار، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،- سەدىقە بالانى يەر، تۇۋا گۇناھنى، ھەر قايسىلىرىنى مىڭبىر جاپادا بېقىپ چوڭ قىلغان ئۇلۇغ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ھەققىدە سەدىقە تىلەيمەن. ئانام ئېغىر كېسەل بىلەن يېتىپ قالغىلى سەككىز يىلدىن ئاشتى، بار بىساتىمنى سېتىپ ئانامنى داۋالىتىشقا سەرپ قىلدىم. ئەمدى كوچىغا چىقىپ ھەر قايسىلىرىدىن سەدىقە تىلەشكە مەجبۇر بولدۇم. ھەممىلىرىنىڭ ئانىسى بار، ئاشۇ ئەزىز ئانىلىرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدە بولسىمۇ ئىلتىپات قىلىشسىلا، بولۇپمۇ مۇشۇ ئۇلۇغ كۈنلەردە ...

مەن ئىختىيارسىزلا ئاشۇ جاپاكەش، كۆيۈمچان ئانامنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم - دە، بۇ كىشىگە ئىچ ئاغرىتىپ قالدىم.

توغرا، ئانا راستىنلا ئۇلۇغ ئىنسان. ئاياللارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ئانا بولغانلىقىدا. كونىلاردا: «سېنى تۇغۇپ بېقىپ چوڭ قىلغان ئاناڭنى ھاپاش قىلىپ مەككە - مەدىنىگە يەتتە قېتىم ئاپىرىپ- ئەكەلسەڭمۇ ئۇنىڭ قەرزىنى — پەرزەنتلىك بۇرچۇڭنى ئادا قىلىپ بولالمايسەن» دېگەن گەپ بار. بۇ ھېكمەت نېمە دېگەن توغرا ئېيتىلغان- ھە؟!

ئۇ ئوتتۇرا بوي، چىرايى زەپىرەڭدەك سېرىق كەلگەن، قاپاقلىرى ئۇزۇن يىل ناچار كەيپ بىلەن شوغۇللانغان پىيەنچىكلەرنىڭكىدەك ساڭگىلىغان، كىچىككىنە گازىر كۆزلىرىنى چاپاق باسقان كىشى ئىدى. مۇرە - پەشلىرى ۋە يوتا- پۇشقاقلىرىدا ناتونۇش داغلار كۆزگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان كاستۇم - بۇرۇلكىسىنىڭ ئەسلى رەڭگىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، تۈگمىلىرى ئۈزۈلۈپ تۈگمە قادىغان جايلار يىرتىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن تەخمىنەن 39 - 40 ياشلاردىكى كىشى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن ئىدى. بىراق گەپ - سۆزلىرىدىن 27 - 28 ياشلاردا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ئىچىم سىرىلىپلا كەتتى، ئىست، ئانىسىنى داۋالىتىپ ساقايتىش ئۈچۈنلا كوچىغا چىقىشقا - تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر



بوپتۇدە بىچارە؟ نېمە دېگەن ۋاپادار پەرزەنت. نېمە دېگەن ياخشى يىگىت ھە؟! ...

ئۇنىڭ ماڭا سوزۇلغان قولى خىيالىمنى ئۈزۈپ قويدى. مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن يانچۇقۇمنى ئاختۇرۇپ ئانامغا بىر نەرسە ئالماقچى بولغان ھېلىقى ئون يۈەنلىك پۇلنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. ئۇ چىرايىمغا تازا بىر تىكىلىپ قارىۋېلىپ قوللىرى تىترىگەن ھالدا قولۇمدىن پۇلنى ئالدى ۋە: «خۇدا رەھمەت قىلسۇن ئۇكام» دېدى - دە، دۇئاغا قول كۆتۈردى.

باياتىن بېرى ھېلىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئولتۇرۇشقان كىشلەرمۇ مەندىن تەسىرلەندىمۇ ياكى ئۇلارمۇ مەندەك ئانىسىنى ئەسلەپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر يانچۇقلىرىنى، سومكىلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. شۇ تاپتا مەن بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەتراپىمغا پەخىرلىك بىلەن قاراپ قويدۇم، دەرۋەقە ھەممە كىشىنىڭ كۆزى دېگۈدەك مەندىلا ئىدى. بەزىلەر رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتسا بەزىلىرى ھەسەت قىلغاندەك يېنىدىكىلەرگە ئاللىنېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشاتتى. يەنە بەزىلىرى بولسا قولىقىمغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «ھەي كىچىك بالىدە، شۇنچىلىك گەپلەرگىمۇ تەسىرلىنىپ چاچراپ كەتكىنىنى، قىلاي دېسە گەپ دېگەن ئېغىزدىن چىقىۋېرىدۇ» دېيىشكەنلىرىمۇ بولدى. شۇ تاپتا مېنىڭ تازا ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى.

«ھىم! پۇلنى بەرسەم مەن بەردىم، ھەر قايسىلىرىنىڭ نېمە چاتىقى؟ ئۆزلىرىنى ئانىلىرى تۇغمىغانمۇ - يە؟» دەۋەتكىلى تاسلا قالدىم.لېكىن بۇلارنىڭمۇ پىكرى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى.بىر موچەنىمۇ ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ خەجلەيدىغان بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە ساپساق ئون يۈەن پۇلنىڭ بىكاردىنلا بىراۋنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقى خېلى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئىدى، لېكىن مەن ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمايتتىم. مېنىڭ كاللامدا «ئۇ بىچارە پەقەتلا ئانىسىنى داۋالىتالامدىكەنمۇ؟» دېگەن پىكىرلا ھۆكۈم سۈرەتتى.

بېلەت ساتقۇچى قىزچاقنىڭ ئىككى قېتىم تەنبىھ بېرىشى بىلەن ئۇ كىشى نائىلاج ئاپتۇبۇستىن چۈشۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ چىرايىدا باياتىنقى بىچارە - مىسكىنلىكتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغان، چىرايىغا قان يۈگۈرۈشكەن، قىسىق - گازىر كۆزلىرى بولسا ھېيتلىق ئالغان بالىنىڭكىدەكلا يالتىراپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر تۇتام پۇلنى سىقىمدىغىنىچە قاياققىدۇر غايىب بولدى ...

2

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ...

ياتاقتا قانداق كىرگىنىنى سەزمەيلا قاپتىمەن، قارىسام ئىشىك تۈۋىدە بىر بىچارە شۈمشەيگىنىچە مەڭدەپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىرىماي ياتاقتىكى كىسەل كىشىلەردىن بىر - بىرلەپ ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

- كېسەلنى سالغۇچىمۇ خۇدا، ساقايتقۇچىمۇ خۇدا، خۇدادىن كەلگەن قازاغا رازى بولماق ۋاجىپتۇر. كېسەللىك دېگەننى ئاللاتائالامۇ يېقىن بەندىلىرىگە سالارمىش، ھەممىلىرى ياش ئىكەنلا، چىرايلىق ئىنىلىرىم، مۇشۇ ياش جانلىرىنىڭ تولا قىينىلىپ كەتمەسلىكى، ھەممىلىرىنىڭ پات ئارىدا ساقىيىپ كېتىشلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ ئازراقتىن پۇل سەدىقە بېرىشسىلە. مەن يىراق يۇرتتىن كەلدىم. ئىنىم ئائىلىدىكىلەردىن كۆڭلى، ئاغرىپ يوقاپ كەتكىلى يەتتە ئايدىن ئارتۇق بولدى، ياشانغان ئانىمىز شۇ بىئارامچىلىقتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.مەن ئاشۇ بىچارە ئانىمىزنىڭ تاپشۇرمىسى بىلەن بۇ شەھەرگە كەلگەن. بىر قانچە ناھىيىگە باردىم، دېرىكىنى ئالالمىدىم، قايتىپ كېتەي دېسەم پۇل تۈگەپ كەتتى...

ئۇنىڭ ئاۋازى سەل بوغۇلۇپ چىقىۋاتاتتى. مەن ھەيرانلىقتا ھاڭۋاققىنىمچە قېتىپ قالغان ئىدىم.

- ھەر قايسىلىرىنىڭ ياش جانلىرىغا كەلگەن بالايى - قازانىڭ سەدىقىسى بولسىمۇ ئىككى

- ئۈچ كويدىن بېرىشسىلە، يۇرتۇمغا تېزرەك بېرىپ ئانامنىڭ تىرىك يۈزىنى بىر كۆرۈۋالاي....، دېدى ئۇ ھەسرەتلىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

كېسەللەر يانلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئاكام مېنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ كەتتى بولغاي مېنى ئاستا نوقۇپ قويدى. مەن يانچۇقۇمنى ئاختۇرۇپ بەش موللۇق پۇلدىن بىرنى ئۇزاتتىم. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاكام قانداقتۇر بىر خىل نارازىلىق كەيپىياتتا:

— ئەجەب ھاڭۋېقىپ كەتتىڭىزغۇ ئۇكام، — دېدى.

بۇنىڭدىن ئىككى يېرىم يىل ئىلگىرى ھېلىقى ئاپتوبۇستا يۈز بەرگەن ئىشلار كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈۋاتاتتى. مەن شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئاكامغا ۋە ياتاقتىكىلەرگە قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بەردىم. ئاكام بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ زەئىپ ئاۋازدا:

- ھۇ كاززاپ ئالدامچى، بىزنى ئالداپتۇ! ئادەم ئالداپ پۇل تېپىشنىڭ ئۇسۇللىرىمۇ خىلمۇ خىل بولۇپ كېتىپتۇ-دە، - دېدى غەزەپ بىلەن.

— ئىشلەپ يېسە بولمامدىغاندۇ؟ ياپياش تۇرۇپ خەقكە تەلمۈرۈپ قول كۆتۈرگىلى ئىزا تارتمايدىكەن ھە!؟ دەپ سۆز ئالدى يەنە بىر كېسەل كىشى.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپلا قالدىم، چۈنكى تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇ تىلەمچىنىڭ دوختۇرخانا ئالدىدىكى بىر ئاشپۇزۇلدا ئىككى ئۈچ جۇلدۇر كىيىمەن بىلەن موخۇركا چېكىپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆرگەنىدىم...

3

ئائىلىمىزنىڭ تەقدىر قىسمىتى شۇنداقمۇ ئەيتاۋۇر ئاكامنىڭ كېسىلى شىپا تاپقاندىن كېيىن ئانامنى ئېغىر كېسەل چىرمىدى. قانداق قىلغۇلۇق؟ يەنىلا دوختۇرخانىغا قاتراشقا مەجبۇر بولدۇم. ئانامنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا داۋالىتىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىغاچقا شەھەرلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىدۇق. ئارىلىقتا ئائىلىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە يېتىپ كەلدىم. كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان كېلىشمەسلىكلەر تۈپەيلى روھىي كەيپىياتىم ناچار ئىدى.

مەن بىر خىل جىددىيلىك ئىچىدە ئاپتوبۇسقا چىقتىم، ئاپتوبۇس ئىچىدە ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن. ئارقا تەرەپتىكى بىر بوش ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرۇشۇمغا كىمدۇر بىرسىنىڭ يىلىنىپ يالۋۇرغاندەك زەئىپ ئاۋازى خىيالىمنى بۆلۈپ قويدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىم. چۈنكى كۆز ئالدىمدا تونۇش كۆزلەر، ھېلىقى تونۇش چىراي تىلەمچى نامايان بولغانىدى.

ئۇ يەنىلا ئۈچ يىل ئىلگىرىكى دەل مۇشۇ بېكەتتە بىز تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدىكى «مۇراجىئەتنامىسى»نى تەكرارلىماقتا ئىدى. ئاپتوبۇستىكى يولۇچىلار ئۇنىڭ يىلىنىش يالۋۇرۇشلىرىدىن تەسىرلەندىمۇ ياكى مۇشۇ رامىزان كۈنلىرىنىڭ خاسىيىتىدىنمۇ ئەيتاۋۇر يانلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىغانىدى، دەل شۇ پەيتتە كۆتۈلمىگەن بىر ھادىسە يۈز بەردى.

- ئۇلۇغ ئانىلىرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئازراقتىن سەدىقە قىلىشسىلا...

ئۇ مۇشۇ سۆزنى تەكرارلاپ ئاپتوبۇس ئىشىكى تۈۋىدىن ئالدىغا بىر نەچچە قەدەم ماڭا-ماڭمايلا يىقىلدى ۋە قۇسۇۋەتتى. ئاق ھاراقنىڭ كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان قاڭسىق پۇرىقى ئاپتوبۇس ئىچىنى بىر ئالدى. شۇنىڭ بىلەن يولۇچىلار ئارىسىدا قىقاس- چۇقان كۆتۈرۈلۈپ ھەممەيلەن پاتپاراق بولۇپ كەتتى.

- ماۋۇ قەلەندەرنىڭ ھالىنى كۆرۈڭ، قىلىۋاتقان ئىشنى قارىمامدىغان؟! — غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى بىرسى بۇرنىنى قولى بىلەن ئېتىۋالغىنىچە.

- ئانىسىنىڭ ئۇلۇغ نامىنى سېتىپ تىلەپ تاپقان پۇلغا هاراق ئېلىپ ئىچكىنى نېمىسى؟

- نېمە دېگەن پەسلىك بۇ؟ ئىنسانلىقتىن سۆزلەۋېتىپمۇ ئىنسان قىلىپىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ناكەسلەر ئەجەب كۆپىيىۋاتىدۇ - يا!؟ .

- ھەي ... مانا ساڭا سەدىقە!! ئەڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر مويسىپىت كىشى ئىشىك تۈۋىدە سوزۇلۇپ ياتقان تىلەمچىنىڭ بېشىغا شالاقشىدە بىرنى تۈكۈرۈپ ئىشكنى توسۇۋالغان قولىنى پۇتى بىلەن بىر ياققا سۈرۈپ قويۇپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتى. باشقا كىشىلەرمۇ تەڭلا ئۇنىڭغا تۈكۈرۈشتى. مەنمۇ ئاستاغىنە ئورنۇمدىن تۇرۇپ يىرگىنىش ۋە غەزەپتىن چەكچەيگەن كۆزلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئاشۇ يىرگىنىشلىك قىياپىتىگە بىر قارىۋالدىم - دە، ئېغىر پۇتلىرىمنى سۆرەپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتىم.

* * *

مانا مەن يەنىلا ئاشۇ مېھرىبان ئانامنى خىيال قىلماقتىمەن. «توۋا. شۇنداقمۇ ئادەملەر باركىنە؟ ئۇنداق قىلمىسىمۇ بۇ دۇنيادا ياش، بىجىرىم ئادەمگە تىرىكچىلىك قىلىش يولى كۆپقۇ؟ ئەجەبا ئانىلارنىڭ ئوبرازى كىشىلەر قەلبىدە شۇنچىلىك تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟»

مەن مۇشۇلارنى خىيال قىلىۋاتقىنىمدا ھېلىقى تىلەمچىنىڭ خۇددى ئەۋرەز كاتىكىدىكى بىر پارچە ئەسكى نەرسىگە، ئەقللىيسى ئۇنىڭ بىر تۈكۈرۈك قاچىسىغىلا ئوخشاپ قالغان ئېچىنىشلىق قىياپىتى، كۆز ئالدىمغا كەلدى. مەن ئاشۇ «تۈكۈرۈك قاچىسى»غا باشقىلارغا ئوخشاش «شالاقشىدە» بىرنى تۈكۈرەلمىگەنلىكىمدىن تولىمۇ ئۆكۈنىۋاتاتتىم، ئەپسۇس...



تەھرىرى: 08
(ئۆركەش ئىبراھىم)

## تۇرمۇش

(ھېكايە)

(«باغراش لوڭقىسى» مۇكاپاتىغا)

ئاۋات رىستە. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىشىپ ئۆتكەن يول. دوقمۇشلارنىڭ ھەممىسىگە كىچىك بوتكىلار سېلىنغان، كېسىشمە يولنىڭ ئوڭ دوقمۇشىغا بىرسى شەخسىي دوختۇرخانا ئېچىۋالغان، سول تەرەپ دوقمۇشتىكى بوتكىدا تۇرۇۋاتقىنى قەبرىگە قويىدىغان قەغەز گۈللەرنى ياساپ ساتاتتى. ئۇ ھەر كۈنى ياسىغان گۈللىرىنى دوقمۇشقا ئېلىپ چىقىپ تامغا يۆلەپ قوياتتى. ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بوتكىدا ئەللىك ياشلاردىكى تەنھا بىر كىشى تۇراتتى. ئۇ شۇ ياشقىچە تۇرمۇش قۇرمىغان، يۈز - كۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ساقال بېسىپ كەتكەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ كەسپى گۆر كولاپ سېتىش ئىدى. بۇ يەردىكى كىچىك بوتكىلاردا تىجارەت قىلىۋاتقانلار تولىمۇ ئالدىراش ئۆتەتتى. خېرىدار كۆپەتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن قول ھارۋىسىغا سېلىنغان بىرئاغرىق كىشى كېسىشمە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ دوختۇرخانا ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. ھارۋىنى ئىتتىرىپ كەلگىنى قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان چوكان ئىدى.

بوتكىدا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتقان كىشى دەرھال ئىشىك ئالدىغا چىقتى. كېسەل كىشى بولسا ئاران - ئاران نەپەس ئالاتتى. ئايالنىڭ قولىدا ئەللىك يۈەنلىك، يۈز يۈەنلىك بىر كاللەك پۇل تۇراتتى. ئايال دەرھال قولىدىكى پۇلنى دوختۇرغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

- دوختۇر قانچىلىك پۇل كەتسە مەيلى، يولدىشىمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالسىڭىز، — دېدى. شۇ ھامان ئاغرىقمۇ نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك خۇنسىز كۆزلىرىنى ئايالنىڭ قولىدىكى پۇلغا تىكتى. ئاغرىقنىڭ نەزەرىدە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئاشۇ پۇللا قۇتقۇزۇپ قالالايتتى. شۇ ھامان قاياقتىندۇر گۈل ياساپ ساتقۇچى ۋە گوركارمۇ ھارۋا يېنىدا پەيدا بولدى. مۇشۇ پەيتتە دوختۇر، ئاغرىق، گۆركار، گۈل ياساپ ساتقۇچى ھەممىسىنىڭ كۆزى تەڭلا پۇلغا تىكىلگەن ئىدى. (08)

## غەلىتە ئادەت

زايردىكى پان مىللىتىنىڭ بەزى قەدىمكى تۇرمۇش ئادەتلىرى ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى - ئارغامچا ئۈستىدە ئۇخلاش. بۇنداق ئارغامچا پىلەك غولىدىن توقۇلغان بولۇپ، ئارىلىقى يېقىن بولغان ئىككى تۈپ چوڭ دەرەخكە باغلايدىكەن. ئۇخلىغاندا ئىككى پۇتىنى ئارغامچىغا چىڭ ئىلىپ، ئارغامچىنى ئىككى مۈرىسى بىلەن قىسىپ، ئاندىن بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ياتىدىكەن. ئۇلار ئارغامچا ئۈستىدە ئۇخلىغاچقا، يىلاننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ساقلىنالايدىكەن. تۆت - بەش ياشلىق بالىلاردىن تارتىپ چوڭلارغىچە ھەممىسى شۇنداق قىلىدىكەن.

يېڭى توي قىلغان ئەر - ئاياللار بولسا، ئالتە ئۆزۈن ئارغامچىدىن بىرىكتۈرۈلگەن توي كارىۋىتىدا ئۇخلايدىكەن. شېرىن ئاي مەزگىلى توشقاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ ئىككى تال ئارغامچىدا ئۇخلاشقا ئۆزگەرتىدىكەن. (07)

(رەھىمەت رەخمەت)

## دۆلىتىمىزدىكى چاشقان...

» 8 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن دېھقانچىلىق يېتىزىنىڭ كۆلىمى 300 نەچچە مىليون موغا يەتكەن، ھەر يىلى چاشقان ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاشلىق، زىرائەتلەردىن تارتقان زىيان 5 مىليون كىلوگرامغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 200 مىڭ دەن پاختا، 100 مىڭ توننىدىن ئارتۇق شېكەرقوناق زىيانغا ئۇچرىغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئىگىلىنىشىچە، دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇسى 1 مىليارد 200 مىليوندىن ئارتۇق، ئەمما «چاشقاننىڭ نوپۇسى» بولسا، 4 مىلياردقا يېقىن ئىكەن. دۇنيا نوپۇسى 5 مىلياردقا يېقىن، چاشقان نوپۇسى بولسا 10 نەچچە مىلياردقا يېتىدىكەن. دۇنيا ئاشلىق، دېھقانچىلىق تەشكىلاتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ھەر يىلى دۇنيادىكى ئاشلىقنىڭ ئوندىن بىرىنى چاشقان نابۇت قىلىۋېتىدىكەن. بىر چاشقان بىر يىلدا توققۇز كىلوگرام ئاشلىقنى يەپ بولىدىكەن. بولۇپمۇ چاشقان 57 خىل كېسەللىكنى تارقىتىدىكەن. (07)

(گۈزەل.ت)

## ئايدىكى سۇ...

يېقىندا ئالىملار مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئايدىكى ئاقار يۇلتۇز چۈشكەندە پەيدا بولغان ئازگالدىن مۇز تېپىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئايدا تۇلتۇراقلىشىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمى تېزلەشتى. بىر دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە، «كولەيمىندىن» ناملىق ئۇچقۇچىسىز ئالەم كېمىسى ئاينىڭ جەنۇبىي قۇتۇبىدىكى زور بىر ئاقار يۇلتۇز ئازگىلىدا مۇز بىلەن تولغان كۆلنى بايقىغان. ئۆزۈندىن بۇيان، ئاينىڭ جەنۇبىي قۇتۇبى قۇرغاق جاي، دەپ قارالغانىدى. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭدىن 3 مىليارد 600 مىليون يىل ئىلگىرى بىر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ قۇيرۇقىدىكى سۇ تامچىلىرى ئۇ سوقۇلغان ئازگالغا چۈشىدۇ، ئاينىڭ جەنۇبىي تەرىپى يىل بويى قاپقاراڭغۇ بولغاچقا، ئۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 230 سېلسىيە گرادۇس بولىدۇ. مۇنداق سوغۇقتا ئۇ يەردىكى سۇ ھەرگىز قاچالمايدۇ. (07)

(رەھىمەت رەھىم.ت)

## يىلان يۆگۈشۈۋالىدىغان...

ئامېرىكا فىتەسىنىڭ كۆپلىگەن ئورمانلىقلىرىدا بىر خىل غەلىتە، يىلان يۆگۈشۈۋالىدىغان مېھمانخانا سېلىنغان بولۇپ، مېھمانلار بۇ يەردە ئارام ئالىدىغان چاغدا، ئىنچىكە ئۇزۇن يىلانچاقلار تۈۋش چىقارماستىن ئاستا- ئاستا ئۆمىلەپ كارىۋاتقا چىقىپ، مېھمانلارنىڭ قولىغا، پۇتىغا، بېشىغا مەھكەم يۆگۈشۈۋالىدىكەن. ئەسلىدە ئامېرىكا فىتەسىنىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدا بىر خىل زەھەرلىك يىلان بولغانلىقتىن، كىشىلەر كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىكەن، كېيىن كىشىلەر بۇ يەردە ئادەمگە يۆگۈشۈۋالىدىغان بىر خىل زەھەرسىز يىلاننىڭ بارلىقىنى، بۇنداق يىلانلارنىڭ ئىسسىق ئادەم قوينى ۋە ھاۋانلار تېنىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ خىل يىلاننىڭ ئاچچىق پۇراق چىقىرىپ زەھەرلىك يىلانلارنىڭ كىرىشىنى توسۇيدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن مېھمانخانا خوجايىنلىرى بۇنداق يىلانلارنى كۆپلەپ بېقىۋېلىشقا يۈزلەنگەن. (07)

(پەرىدە ئابدۇكېرىم.ت)

## ئىككى غەزەل

چوپانى

1

ئەي قىز مېنى كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىق بولۇپسەن ئاڭلسام،
ئىزگۈ كۆيۈمنىڭ سېھرىدە ناتىق بولۇپسەن ئاڭلسام.

توختام تۈزۈپ كەلمەك ئۈچۈن كەتكەن ئىدى زەڭگەر چۈشۈم،
شەرتسىز قوبۇپ ئىمزا، ماڭا تالىق بولۇپسەن ئاڭلسام.

شەيتان تۈيۈقسىز ۋەسۋەسە قىلغان ئىكەن، سەن ئالدىنىپ،
شەيتاننى ماختاپ بىر ئۆمۈر پاسىق بولۇپسەن ئاڭلسام.

ئالتۇن قوياشنىڭ كەينىگە كەتتى چوپانى، سەن لېكىن،
ۋەيلۇڭغا تۇتۇرۇق بولغىلى لايىق بولۇپسەن ئاڭلسام.

2

ئىزدەپ مېنى چوليان تامان يۈرمەك بولۇپسەن ئاڭلسام،
قەلبىمگە كۆك نۇردەك ئېقىپ كىرمەك بولۇپسەن ئاڭلسام.

پاك، چىنلىقى ئىسپاتلىنىپ قالسا، دىلىمنىڭ خاكىنى،
ئەيلەپ كۆزۈڭگە تۇتىيا سۈرمەك بولۇپسەن ئاڭلسام.

قۇدرەت - كامال، پەزىلىنىڭ بىلەن يۈكسەك سۈرە نازىل قىلىپ،
ساقسىز روھىمنىڭ چېھرىگە ھۆرمەك بولۇپسەن ئاڭلسام

روھ - كۆيلىرىم كۈچ - ھالىنىپ بولغاندا دەرھال مالچىنى،
باغرىڭ بېسىپ تاتلىق ھوزۇر سۈرمەك بولۇپسەن ئاڭلسام.



## نەرقىلىك سىنلىك - پەرقلىك سىنلىك

ئابدۇللا سۇلايمان



بۈگۈن دېمەك - سەن بار دېمەك،
بۈگۈن پۇرسەت—خۇشال ئۆتمەك.
تولىسا بۈگۈن قۇتقا ئىنەك،
شوختۇر تىلىك، خوشتۇر دىلىك.

بۈگۈن شۇملۇق ئۆيلىمسالىڭ،
بۈگۈن پىتنە بويلىمسالىڭ.
راستنى يالغان تويلىمسالىڭ،
يورۇق يۈزۈڭ، روشەن كۆزۈڭ.

بۈگۈن - دوقمۇش- ئاچالىگىدۇر،
بۈگۈن- غەيرەت ماجالىگىدۇر.
بۈگۈن چارە - ئامالىگىدۇر،
ئارلىق سىنىك، بارلىق سىجىك.

شۇ بىر دەقىق سەن گويا خان،
ئۈي - خىيالىڭ كېزەر جاھان.
روھىيىنىڭ زور خانىمان،
تەختىڭ سىنىك، بەختىڭ سىنىك.

ئەتەڭ نېسى، بۈگۈنىڭ نەق،
ئىش، سۆزۈڭنىڭ بۈگۈنى ھەق،
بۈگۈن ئالتۇن، ئەتەڭ سەدەپ،
پەرقىڭ سىنىك، نەرقىڭ سىنىك.

## چۈشكۈنلەشكەن روھ

مەريەم توختى

چۆلدىكى ئەي يېگانە دەرەخ،
چاقىرىۋال مېنى يېنىڭغا.
ئىزدەپ كەلسە مېنى بىرەرسى،
يوشۇرۇۋال ئىزدىن قېنىڭغا،
سىڭىپ كېتەي نومۇر- قېنىڭغا.

دەشتىكى ئەي يېگانە ئارال،
ئاچە بەرگىن تەشنالىقىمغا.

سەندە ئۆزەي قېيىقنىڭ بىلەن،
سىغماي قالدىم سەھرالىرىمغا.
يات كۆرۈنۈپ ھەمراھلىرىمغا.

ئۇرمانلىقتىكى يېگانە كەپە،
تەنھالىققا قىلىۋال شېرىك.
مەنمۇ قالدىم سەندەك تاشلىنىپ،
ھېسسىم ئۆلدى مەن تېخى تىرىك،
ئىلىنمىغاچ پاك سۆيگۈ ئىلىك.

مۇڭلۇق مەسۇم، خىيالچان كۆكۈل،
ئىلىپ كەتكىن مېنى يىراققا.
دەرد- ئازابلار قىيىپ قالسۇن تامام،
ھېرىس ئەمەس پەقەت پىراققا،
كىرىپ باقاي مەنمۇ گۈل باغقا.

## بەلكىم

ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى

بىلسەڭ، ئانا ياشلىق ئارخىپىم،
قالدى ئۆزۈڭ باشقۇرغان يېنى...
بەلكىم، ئۇنتەك يانار ھەۋەسىم،
بەلكىم، مۇزغا ئايلىنار تېخى!

بىلسەڭ، ئانا تۇغۇم مەزگىلى،
قالدۇرماستىڭ يىشىل رىۋايەت.
كەلمەيدىكەن باھار شامىلى،
كۆتتۇم، كۆتتۇم ئۇنى نىھايەت!

ئەلۋىدا، چۈش! ئەلۋىدا، كۆكلەم...
ئەلۋىدا، ئەي ئۇيغۇر سەنىمى.
كاشكى، بولسام تۇيغۇدىن جۇدا،
قاچۇرماستىم جەننەتتىن سېنى...

## ئۆزىنى ئىزدەش

**ئەنۋەر بوساق**

بىلمەيمەن
قىزارغان يۇلغۇننىڭ ياشلىرىمۇ مەن؟
ياكى ئۆزۈمگە يۆتكەن قەبرىنىڭ،
قارىيىپ كەتكەن تاشلىرىمۇ مەن؟

بىلمەيمەن تەمبۇرنىڭ تارىسىمۇ مەن؟
قاتتىق چېكىلىشتىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن.
ۋە ياكى بىر ياردار قۇشمۇ مەن ؟
چەكسىز ئۇپۇقتا يېگانە يەتكەن؟

بىلمەيمەن ۋە ياكى كۆز يېشىمۇ مەن؟
قىزلار كۆكسىدە جۆيلۈش قوزغىغان؟
بىلمەيمەن رىلىسسىز پويىزمۇ ئۆزۈم؟
قوپقۇرۇق ۋوكزالدىن تەنھا ئۆزىغان؟



## كۆتۈلۈش

**مەمتىمىن ئۆمەر**

كۈتۈلەكتىمەن سېنى ئەي دىلدار،
ئەلگ ئاداققى تىنىقلىرىمدا...
ئەگەر...
خالسالڭ...
ئېگىزكىمنى چېتىپ قوي ئۆزۈلگ،
جىلۋە قىلىپ زىناقلىرىڭدا.
...
كۈتمەكتىمەن سېنى ئەي دىلدار،
ئاۋۇتۇمغا سىيلىنغان دەمدە،
شۇ چاغ...
مەقبۇل كۆرسەڭ سۆيگۈمنى ئەگەر،
كۈلۈپ قويغىن قەبرەم بېشىدا.

## يۈرىكىمنى بەرگىن قايتۇرۇپ

**ئابدۇسەمەت قاراقۇرۇم**

خىياللىرىم كەتتى ئۇۋۇلىنىپ،
قىلىۋالدىڭ ئۆزۈڭگە قامال.
لەيلەپ يۈرەر بوشلۇقتا ناخشام،
قەلبىم يەنە قويماقتا سوئال.

ئېيتقىنا ئېھ ئاي يۈزلۈك نىگار،
دەردكە تاشلاپ قىلدىڭغۇ مىسكىن.
يۈرمەكتىمەن سۆيگۈ دەشتىدە،
كۆڭلۈم تاپماي پەقەتلا مىسكىن.

بىل، بوۋاقتەك پاكتۇر يۈرىكىم،
قالدىڭمۇ يا دىلدىن ياقتۇرۇپ.
بولمىسا گەر نىيىتىڭ دۇرۇس،
يۈرىكىمنى بەرگىن قايتۇرۇپ.



## بەرمىدىم

**مۇساجان يۇنۇس**

زەر كۆڭۈلنى مەن نادانغا بەرمىدىم،
سىرلىرىمنى نەس يامانغا بەرمىدىم.
ئۆپكىنى كۆرسەتتى پەش قىپ بەزىلەر،
بۇغدىيىمنى كۆپ سامانغا بەرمىدىم.

كۆز تىكىپ يانچۇقتا، جىلۋە قىلدى ئۇز،
پاك يۈرەكنى ئاي جانانغا بەرمىدىم.
شەرمسار ئەتمەك بولۇپ قىلدى خىرىس،
نۇر، جۇلاھمنى قاۋانغا بەرمىدىم.

مېھنىتىمدىن قۇت تېپىش بەختىم دېدىم،
ئىززىتىمنى بۇك- چاپانغا بەرمىدىم.
قىلسىمۇ ئىنئام قۇياشنى گەر ماڭا،
مېھرى - شەپقەتنى چايانغا بەرمىدىم.

ھەممىدىن يۈكسەك شەرەپ ئىنسان بولۇش،
بۇ ئىمانىنى مەن تاپانغا بەرمىدىم.

## نەسىھەت

**خۇدا رەھمەت پوردىل (تاجىك)**

ئايىم كۈنلىرىنىڭ بىرىدە،
ئوغلۇم چاچتى نانىنىڭ ئۇۋۇقىنى.
دېدىم «تېرىپ ئالغىن بالىجان،
يامان بولار دەسسىسەڭ نانىنى...»

«ئاتا يامان دېگىنىڭ نېمە؟»
ـ تاشلىغىنىڭ دېھقانىنىڭ تەرى،
قەدىرلىگىن دېھقان ئەجرىنى،
بىزمۇ ئاشۇ دېھقانىنىڭ نەسلى.

بۇلارنى ئاڭلاپ ئوغلۇم شۇ ھامان،
«كەچۈرۈڭ ئاتا»دېدى ئالدىراپ.
ئوغلۇم مەقسەتنى چۈشەندى بولغاي،
تاشلىماس بولدى نانىنى ئاۋايلاپ.



تەھرىرى: (٥٥)
ئابدۇكېرىم ئابدۇمىجىت





↑ تېمىسىز

← مېنىڭ توغرا





↑ «كونا مۇقام»

← مۇرەككەپ يول بەلگىسى

↓ ئىشلىگەنىنىڭ يۈزى يورۇق





ھۆرمەتلىك مۇشتىرىلىرىمىز، رېداكسىيىمىزدىكى بارلىق خادىملاردىن سىلەرگە سالام!

شىنجاڭ مۇلام «بۇغراخان» كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتى سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ



غەيرەتجان روزى، جۈرئەت روزى، رەيھانگۈل روزى ئۈچ ئاكا - ئۇكا خىزمەت ئۈستىدە.



▲ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا بۇ شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

◄ مەخسۇس سېتىش زاكاس قىلىش سودا سارىيى



بۇ شىركەت ئامېرىكا ھەمكارلىقىدىكى كارخانا بولۇپ ئىشلەپچىقىرىش سېستىمىسى مۇكەممەللەشكەن، تىكىش، سېتىش يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن. بۇ كارخانا «بۇغراخان» ئاتلىق ماركا بىلەن روشەن مىللىي خاسلىق ۋە مىللىي ئۇسلۇبتىكى ھەر خىل خوروم كىيىم - كېچەكلەرنى، خوروم بۇيۇملىرىنى، رەختتىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى، سەھنە، توي مەرىكە كىيىملىرىنى، يۈرۈش كاستۇم - بۇرۇلكىلارنى، ئوقۇغۇچىلار فورمىسى ۋە ھەر خىل فورمىلارنى توپ ۋە پارچە زاكاس قىلىدۇ، ساتىدۇ. كەڭ خېرىدارلارنىڭ ھەمكارلىشىشى، قوللىشى ۋە ئالاقىلىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 100 - قورا (قىزىلبايراق سودا بازىرىنىڭ ئەمس تەرىپىدىكى ئىمارەتتە)

بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان ئۇيغۇرچە توي كىيىمى، سەھنە
كىيىمى ۋە ...

新华书店
100291099709
RMB 2.15

قانۇنىي ۋەكىلى: غەيرەتجان روزى، كۆچمە تېلېفون 1399919774، چاقىرغۇ 138 ... ئىشلىقى: جۈرئەت روزى، تېلېفون 5835252 (0991)